ئەسەرلەر گۈلىستانى

# كەمتەرلىك ئەخلاقلىقنىڭ نىشانى

(ماقالات)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# كەمتەرلىك ئەخلاقلىقنىڭ نىشانى

( ماقالات )

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «كەمتەرلىك ئەخلاقلىقنىڭ نىشانى» دېگەن كىتابتا 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ۋە ئەدىب ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ ھاياتى ۋە «ماقالات» ناملىق ئەسىرىدىكى تەربىيەتلىك مەزمۇنلار ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

## ئەدىبنىڭ ھاياتى

19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدا رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنى ئۆزگىچە يول بىلەن داۋاملاشتۇرغان تالانتلىق ئەدىبلەرنىڭ بىرى — لىرىك شائىر ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىدۇر.

سەبۇرىنىڭ بىر قىسىم لىرىكىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق قوغان يېزىسىدا يەر، سۇسىز بىر نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىلىم ـ مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان سەبۇرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئالغان. كېيىن ئۇن نەچچە يىل خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، زامانىسىدىكى ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر پېشۋالىرىدىن نەۋائىي، سەككاكى، فۇزۇلى، خوجا ھاپىز شىرازى، سەئدى، ئابدۇراخمان جامى، ھۇۋەيدا، مەشرەپ، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بىلىملىك، مەرىپەتلىك كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن.

شائىر سەبۇرىنىڭ ھاياتى ئىنتايىن نامراتچىلىق ۋە پەقىرچىلىقتا ئۆتكەن. ئۇ بىر غەزىلىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازغان:

زىھى[1] ئازادە ئى مەن ئىشق ئارا مەجنۇن ئەمەس ھەمراھ،
نە مەندە خانۇ مانۇ، نە ماڭا يارۇ، دىيار ئولغاي.

جاھان جاھ جالال[2] ئىستەمان، ئەي چەرخ كاج رەفتار[3]،
سەبۇرى نەچەبى خانۇ مانۇ خاكسارۇ[4] بىنەۋا[5] تۇتساڭ.

ماكانسىزلىق، غۇربەتچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى، بۇ يولدىكى غەيرەت - شىجائىتىنى ھەرگىز توسۇپ قالالمىغان. ئۇ تۇرمۇشىنىڭ مۇشكۇلچىلىكلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ، تىرىشىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلىپ، كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلارنى ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ياراتقان.

شائىر ياشىغان دەۋر قەشقەردە دەل زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئەنە شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ تەسىرىدە ئۆز قابىلىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە نامايەندە قىلىۋاتقان سەبۇرىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئىقتىدارى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئەزەلدىن ئىلىم ئەھلى ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم كۆرسىتىپ، ئىلمىي ئىشلار

---

[1] زىھى —— ياخشى.
[2] جاھ جالال —— مەنسەپ، مەرتىۋە، ئۇلۇغلۇق.
[3] چەرخ كاج رەفتار —— پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشى.
[4] خاكسار —— يانجىلىش، خارلىنىش.
[5] بىنەۋا —— ئاجىزلىق، بىچارىلىق.

بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىپ كەلگەن زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ سەبۇرىنى ئۆز ئوردىسىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇزۇن سۆھبەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرە ئارقىلىق ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولغان. سەبۇرى بىر شېئىرىدا زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە ئۆز مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ:

ۋەھ نە يەڭلىغ جۇيبار[1] ئىرمىشدۇر ئول باغى ئىرەم[2]،
ئىچكەي ئاندىن شاھ سۇ، ئەھباب سۇ[3]، ئەغيار سۇ[4].
ئول زەمىنىكىم سەبۇرىغە قىلىندى ئىلتىپات،
ئاندىن ئەكس ئەتمىش ئىرەم باغىدا[5] ھەرنە بار سۇ.

دەپ يازغىنىدەك، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ سەبۇرىغا شەپقەت قولىنى سوزۇپ ۋە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قەشقەر تۈمەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن بىر ئېچىق سۇ، بىر قىسىم بىنەم يەر ئاجرىتىپ بەرگەن. سەبۇرى ئائىلىسى بىلەن بۇ بىنەم ئۆستەڭگە ماكانلىشىپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن بۇ يەرلەرنى ئېچىپ، تىرىلغۇ جايغا ئايلاندۇرغان. ئېغىر مېھنەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەت بەدىلىگە بىر قەدەر خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشكەن شائىر سەبۇرى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بىرمۇنچە ئەدەبىي

---

[1] جۇيبار ــ ئۆستەڭ.
[2] باغى ئىرەم ــ ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، تۈمەن دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ جاي ئەينى دەۋرلەردە «باغى ئىرەم» ياكى «ھەرەمباغ» دەپ ئاتالغان.
[3] ئەھباب سۇ ــ دوستلارمۇ سۇ ئىچىدۇ.
[4] ئەغيار سۇ ــ دۈشمەنلەرمۇ (ياتلارمۇ) سۇ ئىچىدۇ.
[5] ئىرەم باغ ــ ئەپسانىلەردىكى پەرىزاتلارنىڭ بېغى.

ئەسەرلەرنى يازغان ۋە بۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان.

## سەبۇرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

سەبۇرى ئۆز ھاياتىدا قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلغان شائىردۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، نەۋائىي يولىدىن ماڭغان بۇ شائىر ماكانسىزلىق، يوقسۇزچىلىق، پەقىرچىلىقنىڭ قارا خەنجىرى ھەر ۋاقىت بېشىغا تەڭلىنىپ، ئۇنىڭدىن جان تەلەپ قىلىۋاتقىنىدىمۇ يازدى، دېھقانچىلىقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئېغىر ئەمگىكى ئۇنىڭ يەلكىسىنى خۇددى تاغدەك بېسىۋېلىپ ئازراق نەپەس ئېلىۋېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىگەن جاپالىق شارائىتتىمۇ يازدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ خەلق ئۈچۈن كۆپلىگەن مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇردى.

سەبۇرى ئەسەرلىرى ئەينى دەۋردىكى مەتبۇئات، نەشرىياتنىڭ قىسىلىقى تۈپەيلىدىن بېسىلىپ كەڭ تۈردە تارقىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان. پەقەت ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە زور ئىشتىياق باغلىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆچۈرۈپ، بەھرىمەن بولغان ھەمدە ئۇنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلاپ زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن.

سەبۇرى ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغىنى «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا»، «بەھرىلئەنساب» («نەسەبلەر دېڭىزى»)، «دىۋان سەبۇرى»، «ماقالات» تىن ئىبارەت.

1856 ـ يىلى كۆچۈرۈلۈپ، ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، «مەنتىقۇتتەير»

قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ تۇپلەنگەن 140 بەت چامىسىدىكى «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى» دېگەن بۇ ئەسىرى 1840 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەرغە قويغان مۇلكىي ئەمەلدارى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغان. شائىر بۇ ئەسىرىدە نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىكى «سەددى ئىسكەندەر» («ئىسكەندەر سېپىلى») داستانىنىڭ باش قەھرىمانى ئادالەتپەرۋەر شاھ ئىسكەندەرنىڭ خىسلەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، نەۋائىينىڭ ئادالەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ بەرگەن ھەمدە نەۋائىينىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ۋە مەملىكەتتە ئادالەت، ھەققانىيەت ئورنىتىش يولىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. شۇنىڭدەك، ئۆزىنىڭ نەۋائىي ئادالەتپەرۋەرلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەقىل - پاراسىتىنىڭ قۇدرىتى، ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نۇرى بىلەن جاھالەت ۋە زۇلۇمنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتەك ئۇمىدۋارلىق كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شائىر بۇ كۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاشتا يالغۇز پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى، مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش يولى بىلەنلا ئەمەس، شۇنداقلا «خەمسە نەۋائىي»، «خەمسە نىزامى» غا ئوخشاش مەشھۇر كىتابلاردىن، شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق ئاتاغلىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنى مۇستەھكەملىگەن.

## «بەھرىلئەنساپ»

(«نەسەبلەر دېڭىزى») 320 × 18 س م فورماتلىق پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ نەسەب جەدۋىلى بولۇپ، ئاپتور ئۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە

يېزىشقا كىرىشكەن. بىراق ئاياغلاشتۇرۇشقا ئۆمرى يار بەرمىگەنلىكتىن، ئاز بىر قىسمىنى شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوپى ئاللايار ئۇستازىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن يېزىپ تولۇقلىغان.

ئاپتور بۇ ئەسىرىدە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ياكى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر پەيغەمبەرلەر، چاھارىيالار، سوپى ـ ئىشانلار ۋە خانلىقلارنىڭ نەسەبىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ داۋاملاشتۇرغان. ئۇنىڭدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق نەسەبنامىسى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى، يەركەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نەسەبنامىسى، مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبنامىسى خېلى تەپسىلي ۋە توغرىلىق بىلەن خاتىرىلەنگەندىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى، تالانتلىق شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 478 ـ يىلى (مىلادىيە 1086 ـ يىلى) ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يېزىپ قالدۇرغان. بۇ ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئادەم ئىسىملىكىنىڭ كۆپلۈكى، نەسەب جەھەتتىكى باغلىنىشىنىڭ زىچلىقىدىن قارىغاندا، ئاپتور بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ماتېرىيال كۆرۈپ، مەنبەلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، پاكىت ئاساسىنى پۇختىلىغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەسەر شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن ھۆكۈمدارلارنىڭ نەسەبنى ئېنىقلاشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزگىچە شەكىل ۋە ئۇسلۇب ياراتقانلىقى بىلەنمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

## « دىۋان سەبۇرى »

شائىرنىڭ غەزەل، مەسنەۋى تەرجىئىبەندلىرىدىن تەشكىل تاپقان لىرىك شېئىرلار توپلىمىدۇر. شائىر ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرىنى لىرىكىلىق تۇستە ئەكس ئەتتۈرگەن.

سەبۇرى لىرىكىسى مۇنداق ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، سەبۇرى لىرىكىسى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ۋە كۈچلۈك دەۋر رىئاللىقىغا ئىگە. سەبۇرى لىرىكىسىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلىپ، ئۇنىڭدا مۇھەببەت، گۈزەللىك، ۋاپا، ساداقەت ھەققىدىكى قاراشلار ئىزھار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما شائىر يەنە ئەنە شۇ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئايرىم مىسرالىرىغا ئۆزىنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى، زامانغا بولغان نارازىلىقى، پەقىرچىلىقتا ئۆتكەن نامرات تۇرمۇشقا بولغان ئېچىنىشلىرىنى سىغداپ بايان قىلىش ئارقىلىق، ئاساسىي مۇددىئا ـ مەقسەتنى مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى ئورتاق تېما بىلەن نىقابلىغان.

ئىككىنچى، سەبۇرى لىرىكىسىنىڭ ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك. سەبۇرى زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنى مەخسۇس تېما قىلغان بىر قىسىم لىرىكىلىرىدا ئەينى دەۋردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق، مەنمەنچىلىك، ئالدامچىلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى سۆكۈپ، كۈچلۈك مەسخىرە قىلغان:



www.uyghurkitap.com

بى سۇبات ئەرمىش بەنايى ئۆمىر تەھرى ھايات،
دەم غەنىمەتتۇر پەيا پەي جام چەك ئەي بادە نۇش.
جاھانۇجاھ جالالى مېھىر تۇشىدۇر خابىگاھىڭ ھەم،
زاۋال ئۇلمىشىدۇر كىم غەپلەتىڭ كەلمىش ئېغىر ئۇيقۇ.
دەمى نەشات مەيى ئەيشى بادەسى تۇتا ئالماس،
سىپىھىر دائىرى چەرخ نىگۇن گۇمبەزى دەۋۋار.
سەبۇرى، ياقەدەھ ئىچ بولما پايمال مەلالەت،
نەپەس غەنىمەت ئايا زامانە تەڭلائى ئوينار[1].

مانا بۇ مىسرالاردا شائىر زامانىنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان ھالاكەت، ۋەيرانچىلىق تەقدىرلىرىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ (زامانىنىڭ) رەھىمسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان بولسا، تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق زامانىنىڭ زۇلمىغا بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ:

فەلەك ئاشۇبىدىنكىم[2] مەن كەبى زارۇ نىزار ئولغاي،
جاھان زۇلمى ئولۇس[3] بىدادىدىن بى ئېتىبار ئولغاي.

---

[1] بۇ مىسرالاردا شائىر: «ئۆمۈرنىڭ بىناسى، ھاياتنىڭ قۇرۇلۇشى قارارسىز بولىدۇ. ئەي مەي ئىچكۈچى، ھەر دەقىقىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇزۇلدۇرمەي قەدەھ كۆتۈر. جاھان، مەرتىۋە، ئۇلۇغلۇق دېگەن خۇددى ياتاقتا يېتىپ كۆرگەن چۈشكە ئوخشاش نەرسە. سەن ئېغىر غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋاتىسەن. ئەمما زاۋال ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى. بىردەملىك شادلىق مەيى راھەتلىك تۇرمۇش شارابىنىڭ ئورنىنى تۇتالمايدۇ. چۈنكى تەتۈر پەلەكنىڭ گۇمبىزى دائىم ئايلىنىپ تۇرىدۇ. سەبۇرى قەدەھ ئىچ، خاپىلىققا پايمال بولما، ھەر دەقىقە غەنىيمەتكى، كەلگۈسى زامان نېمىلەرنى ئوينايدۇ تېخى بەلگىسىز» دېمەكچى بولىدۇ.

[2] ئاشۇب ـــ غوۋغا، توپىلاڭ، ھاياجان.

[3] ئولۇس ـــ خەلق، مىللەت، كىشىلەر.

www.uyghurkitap.com

فەنا[1] دەشتى سارى تۇشمىش سەبۇرى، دوستلار زىنھار[2]،
دىمەيكىم ئىختىيار ئەتمىش، ئاڭا نى ئىختىيار ئۇلغاي.
..............

تالەئىمدۇر سەرنىگۇن[3]، بەختىم زەبۇن، دەردىم فۇزۇن[4]،
نى ئەجەپ دىۋانىلەردەك ئەيلەسەم جۇش خىرۇش[5].
بۇ سەبۇرى ئىستەمەس ئەززە[6] غۇرۇر، ھەشەمەت جالال[7]،
گۇلخەنۇپەقر ئىچرە ئۆرتەنگەي گادايى جەندە پۇش[8].

سەبۇرى ئۆز لىرىكىلىرىدا زامان ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، شۇنداقلا رىئال ئىجتىمائىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدا فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ھەر خىل تەبىقىلەر ئۇستىدىمۇ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بىر قاتار يارىماس ئىللەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، كۈچلۈك ھەجۋىي قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «تەرجىئىبەندى» (بوغۇم قايتۇرۇش) ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىدۇر. شائىر بۇ تەرجىئىبەندىدە شاھ، بەگ، زاھىد (سوپى)، قازى، ئەمەلدار، ھاجىلار، مىڭبېشىلار، دىۋانىلار (كاتىپلار)، موللىلار، سودىگەرلەرنىڭ تەمەخور، ئاچ كۆزلۈكى،

---

[1] فەنا ــــ يوقىلىش.
[2] زىنھار ــــ ئەسلا، مۇتلەق، ھەرگىز.
[3] سەرنىگۇن ــــ كاج، تەتۈر.
[4] فۇزۇن ــــ كۆپ.
[5] جۇش خىرۇش ــــ قايناپ ـ تېشىش.
[6] ئەززە ــــ قىلچە، كىچىككىنە.
[7] جالال ــــ ئۇلۇغلۇق.
[8] جەندە پۇش ــــ قەلەندەرلىك كىيىمىنى كىيىش.

مەنسەپپەرەسلىكى، ھىيلىگەرلىكى، ساختىپەزلىكى، يالغانچىلىقى، خىيانەتچىلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئاشۇ بىرقانچە ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، ئاچچىق ھەجۋىي ئارقىلىق راسا قامچىلاپ، ئۇلارنى ئىنساپقا چاقىرىدۇ:

ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھېكايەتى،
ھەممە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.
بۇ چەرى ھىيلە ـ مىكرىسىدىن ئەيلەي خەبەر،
ئالەم ۋەفاسى يوقلۇقىدىن دەي كىنايەتى.
ھەم ئۆمۈرنىڭ باقاسى يوقلۇقىدىن بېرىپ نىشان.
ئەھلى ھېرىس غەپلەتىدىن ئېتەرمەن شىكايەتى.

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان بۇ تەرجىئىبەندىدە ئالدى بىلەن ھىيلە ـ مىكىر، ئاچ كۆزلۈك بىلەن تولغان زامانىنىڭ بۇزۇقچىلىقى، تۇراقسىزلىقى، بىۋاپالىقى ئۈستىدىن ئومۇمىيۈزلۈك شىكايەت قىلىدۇ. ئاندىن:

شاھ، گادالار ئاخىر بىر خامغا يۆرگەنىپ،
كەتمەكدۇرۇركى ئاقىبەت ئىشنىڭ نىھايەتى.
چوڭ ـ كىچىك بۇ ھال كىلۇرنى بىلۇر، ۋەلى،
ئارمان ـ ئارزۇسىغا يوق ھەددى غايەتى.
جۇملە شاھ، گادا ۋە ھەممە پىر ئىلە جۇۋان،
غەپلەتتە پەرق قىلالماس ئۆلەرمەن دەپ گۇمان.

www.uyghurkitap.com

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى بارلىق كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئالغان، مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىك ئارقىسىدا كېلىپ چىققان ئاچ كۆزلۈكنى، ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزى ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتەك چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنى راسا قامچىلاپ، كېيىنكى مىسرالاردا توختالماقچى بولغان ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىشقا ئالدىن يول ئاچىدۇ.

ئەدىب ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ئالتۇن، كۈمۈش، مال ـ دۇنيا، ئەيش ـ ئىشرەت ئۈستىدە يۇمىلىنىپ يۈرىدىغان پادىشاھلار ھەققىدە توختالغىنىدا، ئەنە شۇ نەرسىلەرگىمۇ قىلچە قانائەت ھاسىل قىلماي، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھەممىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىشقا ئۇرۇنغان پادىشاھلارنى:

قىلماس قانائەت ئۇشبۇ ئەتا ئىلاھىمغە،
ھەرگىز دېمەس بەس ئەمدى بۇ ھەق مۇقەددەرى.
بولغان سارى زىيادە زىيادەت تەلەپ قىلۇر،
تويماس مۇرادى ھەر نەچە بولسا مۇيەسسەرى.
ئاخىر ئەجەل ياقاسىدىن ئالۇر بەرمەيىن ئامان،
ئۆلكۈن پۈتەر كەمى تۇگەر ئەرمانى ئول زامان.

دەپ تەنقىد قىلسا، موللا، قازىلارنى «ئىلىمدىكى تۆت ـ بەش مەدرىسىدىن ئايمۇئاي ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان كىرىم ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كۆپەيتىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قىلسىمۇ، ئۇنىڭغا قىلچە رازى بولمايدىغان، مال ـ دۇنيانى ئويلىغانسېرى، ئاچ كۆزلۈكى تېخىمۇ ئېشىپ، بەتتەرلىشىپ كېتىدىغان قارنى بالا ئاچ كۆزلەر» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ھاجىلارنى بولسا، «ھاجىلىقتىن لاپ ئۇرۇپ، ئەپسانىلەرنى سۆزلەپ،

كىشىلەرنى ئالداپ، ھەر يەرگە بارسا تۆرگە لاچىندەك ئېتىلىدىغان يالغانچى، كازراپ مەخلۇقلار» دەپ مەسخىرە قىلسا، زاھىد، سوپىلارنى :

زاھىدلەرىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسا مۇددىئا.
بولسا تامام خەلق ئاڭا مۇخلىس ۋە مۇرىد،
ھېچ ئادىمى دېمەس چۇن ئىلە چەرا[1].
ھەر قىسمى نەزركى پۇر قىلسە تامام ئەل،
قىلسا نىياز ئانىڭدىن ئالىب ھەمە دۇئا.
يەر ۋەخپ قىلسا ھەر كىشى، بەرسە ئاڭا ئانى،
ھەركىم كۆتەرسە، ئەيلەسە ئول كىبىر ئىلە ھاۋا.
بارماي تەبىب قاشىغە مۇتلەق كېسەل كىشى،
بەرسە پۇلىن ئاڭا ئوقۇتۇپ ئايەت - شىپا.
دۇنيا ھەمە ئانىڭ سارى يۈز قويسا قەدەم،
دەم تارتار جاھاننى مىسىل ئەجدەھا.
شۇكۇر ئەيلەماس بۇ دۆلەتكە قانئ بولماس،
مۇندىن زىيادىلىك قىلۇر نەفسى ئىقتىزا[2].

دەپ سۆكۈپ، لەنەت تۇۋرۇكىگە مىخلايدۇ. بىر تەڭگە سېلىق چۈشسە، ئۇنى يۇرتتىن مىڭ تەڭگە قىلىپ ئالىدىغان، پارا ئالمىسا كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان، يوقسۇللارنىڭ قان - تەر بەدىلىگە ياشاپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان، بارلىق پۇل، بايلىقلارنى ئۆز قولۇمغا كىرگۈزسەم دەپ خىيال قىلىدىغان خىيانەتچى، پارىخور،

[1] چۇن ئىلە چەرا ـــ نېمە ئۈچۈن.
[2] ئىقتىزا ـــ تەلەپ قىلىش.

زالىم مىغبىشلارنى، دىۋانىدارلارنى بولسا:

مىلىك باشلارکى تاپسا رۇتبە مەقام[1]،
خوجەم دىبان رەئىيە[2] قىلسا ئاڭا ئىھتىرام.
بىر تەڭگە چۇشسە يۇرتقا مىڭ تەڭگە سالسا ئول،
بىر كۈندە پۈتكەزىپ يىغىپ ئالسا ئانى تامام.
بى رىشۋە[3] بەرمەسە كىشىگە بىر قوشۇقچە سۇ،
بى تۆھپە ھىچكىم ئىشىغە بەرمەسە نىزام.
يۈھاي[4] نەفسى تويماس ئانىڭ مۇنچە يەرگە ھەم،
ئىل ھەققىنى ئالۇرغە قويار نەچچە يەرگە دام[5].
كۆڭلى تىلەركى دەھرىدە بار پۇلنى ئالسا ئول،
بولسا ئاڭا نەسىپ بۇ ئالەمدە بارچە هارام.

......................

دىۋاندا موللالەركى پۈتۈپ دەپتەر ـ ھىساب،
ئىنساپ، ئەدل چىھرەسىگە ياپسا ئول نىقاب.
تەزۋىر[6] بىرلە بىرىن ئىككى، ئونىن يۈز پۈتۈپ،
سالسا رەئىيەلەرغە دەمادەم تۈمەن ئازاب.
يۈز تەڭگە قىلسا ئەلگە زەرەر ئىككى پۇل ئۈچۈن،
ئىشەك بوغۇزىغا ئەيلەپ بىر خىرماننى خاراپ.
رەھىم ئەتمەس رەئىيەغە زالىمغا يار ئولۇپ،
باقماي ئانىڭ زىيانىغا ئۆز نەپئىنى قاراپ.

---

[1] رۇتبە مەقام ــــ ئورۇن، مەرتىۋە.
[2] رەئىيە ــــ پۇقرا، خەلق.
[3] بى رىشۋە ــــ پارا ئالماي.
[4] يۈھاي ــــ ئەجدىھا.
[5] دام ــــ تۇزاق.
[6] تەزۋىر ــــ مەككارلىق.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

دەپ، ئۆز قىلمىشىغا قارىتا ئەپت ـ بەشىرىسىنى راسا ئېچىپ، ئاغزى كۆيمىسە دوزاخنىڭ ئوتىنى يۇتۇشتىن يانمايدىغان، ئىنتايىن ئۇچىغا چىققان رەزىل، شەخسىيەتچى، نائىنساپ، ئەدلى ـ ئادالەت، رەھىم ـ شەپقەت دېگەننى قىلچە بىلمەيدىغان زالىم كىشىلەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مانا بۇ مىسرالاردا جاراڭلىغان شائىرنىڭ پاش قىلىش، ئەيىبلەش سادالىرى يالغۇز ئۇنىڭ پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، زۇلۇم ـ ستەم ئەۋج ئالغان ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي تۇزۇمى ئۈستىدىن قىلغان ھەقلىق شىكايەتنامىسى، ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىك بىلەن تولغان زامانغا بولغان نارازىلىقى، غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جاپاكەش مېھنەت ئەھلىگە بولغان ھېسداشلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىق جاسارىتىنىڭ نامايەندىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ يارقىن گەۋدىلىنىشىدۇر.

شائىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يازغان سودىگەرلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ خېلى چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. شائىر سودىگەرلەر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇلارنى: «نەچچە تۈمەن يامبۇم بولسا، بىر دەممۇ جاپا ـ مۇشەققەت كۆرمىسەم، سودا ـ سېتىقىم مەملىكەتلەر ئارا يۈرۈشۈپ كەتسە، پادىشاھلاردىن تارتىپ گادايلارغىچە بارلىق ئاي يۈزلۈك نازۇك بەدەنلەر مەندىن سودا قىلسا، باشقىلارنىڭ بارلىق ئەرزان ماللىرىنى مەن ئالسام، باشقىلار ئالمىسا» دەپ ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلەر «مال ـ دۇنياسى يېتىپ ـ ئېشىپ تۇرۇپمۇ يەنە يوق، دەپ ئۆزىنى كەمبەغەل ھېسابلايدىغان، ھامان كۆپرەك پۇل تېپىش يولىدا ھىيلە ـ مىكرنى كەسىپ قىلىدىغان ھىيلىگەر، ئالدامچى ـ كاززاپلار»، «ئەتىدىن ـ كەچكىچە سودا ـ سېتىقنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن بولۇپ تىنمايدىغان، كېچە ـ كۈندۈز ئالتۇن ـ

كۆمۈشنىڭ پىكرى ـ زىكرىنى قىلىدىغان تويماس ئاچ كۆزلەر»، دەپ سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىر بىلەن شۇغۇللىنىشتەك تۈپ خۇسۇسىيىتىنى راسا كېلىشتۈرۈپ ھەجۋى قىلىدۇ.
ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سەبۇرىنىڭ بۇ لىرىكىسى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىچكى بۇزۇقچىلىقىنى، چىرىكلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق پاكىتلىرىنى كۈچلۈك ھەجۋىي قىلغان رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇپ قالماستىن، يەنە كۆندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىپ ئەينى زامان ئەدەبىياتىدا مۇكەممەللىشىۋاتقان ساتىرا ژانىرىنىڭمۇ نادىر ئۈلگىسىدۇر.
سەبۇرى لىرىكىسى خۇددى شائىرنىڭ ئۆزى تولۇپ تاشقان ئۇمىدۋارلىق روھ بىلەن ئالدىنئالا:

كەتسەم ھايات باھارى بولۇپ خازان،
قالماي يادىكار جاھان ئىچرە جاۋىدان.

دەپ ئېيتقىنىدەك، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن بىزگە قالغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس سۈپىتىدە، يارالغىنىدىن تارتىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە كلاسسىك مۇزىكا 12 مۇقامىنىڭ ئاھاڭ تېكىستلىرىگە سىڭىنىپ، خەلقىمىز تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

## « ماقالات »

سەبۇرىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك، شۇنداقلا شائىرنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتلىك، يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيە بىلەن

يارتىلغان بىردىنبىر يىرىك ئەسىرى «ماقالات» («ماقالىلەر») تۇر. شائىر بۇ ئەسىرىنى مىلادىيە 1842 — 1843 - يىللار ئەتراپىدا زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىپ چىققان.

«ماقالات» نىڭ كىرىش قىسمىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، زوھۇرىددىن ھېكىم سەبۇرىغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم كۆرسىتىپ، تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلغاندىن باشقا، ئىلمىي، ئىجادىي ئىشلار بىلەنمۇ كۆپرەك شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان ھەمدە «ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائىي، نىزامى گەنجىۋىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ‹پەنج گەنج (‹بەش خەزىنە›)، شەيخ فەرىددىدىن ئەتتارنىڭ ‹مەنتىقۇتتەير› (قۇشلار تىلى) ئەسەرلىرىگە جاۋابەن ئۇيغۇر تىل گۆھەرلىرىنى شېئىرىي يىپقا تىزىپ ئۆزىنىڭ ‹ھەيرەتۇلئەبرار› (ياخشىلارنىڭ ھەيرانلىقى)، ‹مەنتىقۇتتەير› ناملىق ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان، سىز خەلق كۆپچىلىكى ئاسان بەھرىمەن بولسۇن ئۈچۈن، خاس ئاۋامنىڭ ئاممىباب تىلىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹مەنتىقۇتتەير› ناملىق ئەسىرىنى نەسرىي ئىبارەت يولى بىلەن شەرھلەپ، ئىجادىيراق رەۋىشتە بىر ئەسەر يېزىپ چىقسىڭىز، خەلق ئىبغىر كۆرمەي، ئاسان چۈشىنىپ پايدىلانسا»، دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن. سەبۇرى «نەۋائىينىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرگە تۇتۇش قىلىپ، بىر يىل ئىچىدە تامام قىلغان. شائىر بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەگەرچە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قول سېلىشقا ھەددىم يوق ئىدى، ئەمرگە بويسۇنۇش زۆرۈرىيىتى تەقەززاسىدىن چارىسىز قەلەم سۇردۇم. يىراقنى كۆرگۈچى ئىلىم ئەھلى ئالدىدا ھەممىدىن تۆۋەن تۇرغۇچى ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى ئەرز قىلۇركى، مەشھۇر ھۆكۈمدارنىڭ ھۆكمى بىلەن بۇ ئۇلۇغ خىزمەتكە قول تەگكۈزۈلدى.

ئاھكىم قىلمىش ماڭا بۇ ئىشنى ئالىي جاھ ھۆكۈم،
رىشتە ئۆتكەرمەك دۇررى ناسۇفتەدىن ناگاھ ھۆكۈم.
يەتمەدى ئول شەھ جانابىغە پىغانىم ھەر كېچە،
دېدىم ئانچە: ئاھ ھۆكۈم، ئاھ ھۆكۈم، ئاھ ھۆكۈم.

ھەر بۇلبۇل ئۆزى بىلگەنچە سايرايدۇ ۋە ھەر تۇتى ئۆزى بىلگىنىچە ناۋا تۈزىدۇ. مەن پېقىرغا مەئنى گۈلچىھرىسىدىن ئازغىنا كۆرۈنۈپ ئېردى، ئاشۇ ئىقتىدارىمچە مەئنى كېلىنىگە زىبۇزىنىنەت بەرگەيمەن.»

شائىرنىڭ ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن ئېيتقان يۇقىرىقى ئۆزرە ئىزھارلىرىدىن بىز بۇ ئەسەرنى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن نەۋائىينىڭ «ھەيرەتۇلئەبرار»، «مەنتىقۇتتەير» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە جاۋابەن يېزىپ چىققانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «ماقالات» زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تاپشۇرغىنىدەك «مەنتىقۇتتەير»، «ھەيرەتۇلئەبرار» دىن مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبىچە ئۆزگىچە پەرقلىنىدىغان، شەكىل جەھەتتىن «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» («كۆڭۈللەر سۆيگۈسى») نى ئۈزىگە ئۈلگە قىلغان، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قارىتا بەلگىلىك كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىجادىي رەۋىشتىكى يېڭى بىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شائىر ئۇنى كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ مۇھاكىمە، لىرىكا، ھېكايەت، مەسەل، نەزم ئارىلاش شەكلىدە يېزىلىدىغان ماقالات تۈزۈش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، ئۆزىنىڭ كۆز قاراش، ھېسسىياتلىرىنى

بايان قىلىدىغان مۇلاھىزە، لىرىكىلىق شېئىرلار (رۇبائىي، قىتئە، پارچىلار)، ھېكايەت، مەسىللەرنى، قاپىيىداش ھەم ۋەزىنداش سۆز ـ جۈملىلەرنى كىرگۈزۈپ، ئوبرازلىق قىلىپ تۈزۈپ چىققان.

«ماقالات» نىڭ ئاخىرقى قىسىمىغا قوشۇمچە قىلىنغان شاھ بەھرام بىلەن مەلىكە دىلئارامنىڭ ئىشىق سەرگۈزەشتىسىنى ۋە يەتتە ئىقلىم يولىدىن كەلگەن يەتتە مۇساپىر شاھ بەھرامغا سۆزلەپ بەرگەن يەتتە قىسسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەسەر ئومۇمەن بىر مۇقەددىمە، 18 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئاپتور ئالدى بىلەن خۇدا، پەيغەمبەرلەر، چاھارىيالارغا ھەمدۇسانا ئېيتىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ. ئارقىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگكە بولغان مىننەتدارلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇ قاتاردا ھەم بۇ ئەسەرنىڭ زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئەسكەرتىپ، بۇ توغرىدىكى ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە ئۆزرەخاھلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ بىردىنلا ئاساسىي مۇددىئا ـ مەقسەتكە كۆچۈپ، قۇشلار توپلاشقان بىر سورۇندا ھۇدھۇد (ھۆپۈپ) نىڭ ئۆزلىرى موھتاج بولۇۋاتقان بىر توغرا يولباشچى سۈپىتىدە ئەنقا (سۇمۇرغ) نى تەرىپلىگەنلىكى، شەخسىيەتچىلىك، تار مەھكىمچىلىك، قاششاقلىق، يالقاۋلىق چىرمىۋالغان بۇ قۇشلارنىڭ باشتا ئەنقانى تېپىشتىن يالتايغانلىقى، كېيىن ھۇدھۇدنىڭ ئەيىبلىشى، تەربىيىسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى ئارقىسىدا ئۇيۇشۇپ، ئەنقانى ئۆزلىرىگە رەھبەر قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ، سەپەرگە ئاتلانغانلىقى ۋە مىڭ بىر جاپا ـ

مۇشەققەتلەر بەدىلىگە ئەنقانى ناھايىتى تەسلىكتە تېپىپ ئۆزلىرىگە يولباشچى قىلغانلىقى... غا ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق، ئەينى زامان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە خەلق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىگەن ئاساستا، ئۆزلىرى تاللىۋالغان دانا، چېۋەر، نوپۇزلۇق، توغرا يولباشچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئادالەتلىك، مەرىپەتلىك، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

نېمە ئۈچۈن شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلماقچى بولىدۇ؟ چۈنكى شائىرنىڭ نەزىرىدە شۇ چاغدىكى جەمئىيەت پۈتۈنلەي بۇزۇلغان، چىرىگەن جەمئىيەتتۇر. ھۆكۈمران بولغۇچى ياكى سەبۇرىنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا «ئۇلۇغ مەقسەت، بۈيۈك ئارزۇ يولىدا يۈرۈش قىلغۇچىلار جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ، شەخسىي راھەت، نەپسى، مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىشى، قەتئىي نىيەت، يېڭىلمەس ئىرادە، پىداكارلىق روھ بىلەن يولغا كىرىشى»، «بىر مەقسەتتىن باشقىنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتىشى»، «بۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن جاندىن كەچمەكنى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىنى يوقاتماقنى ئەسلىي مەقسەت قىلىشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا راھەت يوق، «پاك ۋەسىل ئۈمىد ـ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن پاك بولۇشى كېرەك. گۇناھ ۋە نومۇسسىزلىق بىلەن بۇلغانغان تۇرۇپ پاك ئۈمىد ـ ئارزۇ، مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ»، بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلار خۇشامەتچىلىك قىلىن ـ قىنىغا سىغىپ كەتكەن، ئەيش ـ ئىشرەت، كەيپ ـ ساپا پاتقىقىغا پېتىپ يولدىن چىققان، ئىرادىسىز، شەخسىيەتچى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى نەپسانىيەتچىلىك

قاپلاپ كەتكەن تىرىكتاپ هارامتاماق، هۇرۇن، يۇرتۋاز كىشىلەر ئىدى. بۇنداق ھۆكۈمدارلار خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ جەمئىيەتنى باشقۇرالمايدۇ. شۇنداقلا بۇزۇلغان بۇ جەمئىيەتنى تەرتىپكە سېلىپ، توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. ئۇلاردىن جەمئىيەتنى گۈللەندۇرۇش ئۈمىدىنى كۈتۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ دانا، چېۋەر، ھەققانىيەتچى، توغرا يولباشچىغا موھتاج بولىدۇ. سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇم ئەڭ چېكىگە يەتكەن ئۇ قاراڭغۇ جەمئىيەتتە ئۆز غايىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىشقا پېتىنالمىغان شائىر سەبۇرى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي تەقىبلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قۇشلار دۇنياسىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز غايىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوبرازلارنى قۇشلار دۇنياسىدىن تاللىۋالىدۇ.

ئەسەردە شەخسىيەتسىز ۋە پۈتۈن ئالەمگە مەنسۇپ، دەپ قارالغان سۇمۇرغ شائىر نەزىرىدىكى توغرا، ھەقىقىي نوپۇزلۇق يولباشچى ئوبرازىنىڭ سىمۋولى بولغاندىن سىرت، ھۆدھۆد، تۇتى، تاۋۇس، بۇلبۇل، قۇمرى، كەپتەر، كەكلىك (كۈبكى)، تەزرۇ (قىرغاۋۇل)، قارچىغا، شۇڭقار، لاچىن، بۇركۈت، ھوما (بەخت قۇشى)، توخۇ قاتارلىقلار ئەينى زامان جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى تەبىقە، گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر.

شائىر جەمئىيەت بۇزۇقچىلىقىنى پاش قىلغىنىدا، نەزەر دائىرىسىنى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى تەرىپىگە قارىتىپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىمۇ كۆز تىكىپ، ئۇلاردىكى بۇزۇلۇشنى 18 نۇقتىغا

مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپنى سىلىشتۇرما قىلغان ئاساستا، بىرمۇبىر پاش قىلغان.

مەسىلەن، شائىر ساخاۋەت (سېخىيلىق) ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئۇنى «ئادەم ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ مۇھىم خىسلەت»، ئۇ ئىنسانىنى «مەڭگۈ بەخت - سائادەتلىك قىلىدۇ» دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلاپ كەتكەن روھىي مەرەزچىلىك — خەسىسلىك، بېخىللىقنى قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئېلىپ: «بېخىللىق، خەسىسلىك شۇنداق نەرسىدۇركى، ئۇ بەزى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى، تەبىئىتى، زاتىنى شۇنداق چىرمىۋالغان. ئۇنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىش تاش ياسىغۇچى تاشچىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بېخىلنىڭ كۆز چانىقى گۆرنىڭ توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتىدا بۇزۇلغان تەرەپلەرنىڭ بىرى دەپ قارىغىنى ئەدەپ - ئەخلاقتۇر. شۇڭا ئۇ ئەدەپ - ئەخلاقنى «كىچىكلەرنىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىغا، چوڭلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىقنى ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئۆز نەزىرىدە دەسلەپ ئورغاق شەكلىدە كۆرۈنۈپ، بارا - بارا تولۇپ بېرىش ئارقىلىق قاراڭغۇنى يورۇتقان تولۇن ئاينى كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىقنىڭ سىمۋولى قىلىپ تاللىۋېلىش بىلەن كىشىلەرنى ئۇنى ئۈلگە قىلغان ئاساستا روھىي دۇنياسىنى پۈتۈنلەي چىرمىۋالغان ھاكاۋۇرلۇق،

مەنمەنچىلىك، ئاچ كۆزلۈك، ساختىپەزلىك... كە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىقنى ئۆزىگە يار قىلىشقا چاقىرىدۇ.

كۆركى تاۋازۇغا زەم ئولدى ھىلال،
بولدى فۇرۇنراق ئاڭا ھەر تۈن كامال[1].

شائىر ئەدەپ، ئەخلاق، كەمتەرلىكنى تەشەببۇس قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ئۆلچەم ـ پرىنسىپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

«كەمتەرلىك، ــــ دەيدۇ، شائىر ئالاھىدە تەكىتلەپ، ــــ بارلىق ئادەمگە ياخشى ۋە ھەممە ئادەمگە رىغبەتلىك، ئەمما يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشى تېخىمۇ ياخشىدۇر.» «سەندىن مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا ئەدەپ ـ يوسۇننى قوللىنىشىڭ كېرەك.» لېكىن «تەكەببۇر، مەغرۇر دۈشمەنگە دوستلۇق ئىزھار قىلما ۋە ئېگىلمە ھەم ئۇنىڭ غۇرۇرىنى كۆزگە ئىلما.»

ئەسەرنىڭ قانائەت توغرىسىدىكى بابىدا ئاپتور قانائەتنى بايلىقنىڭ، ئىززەت ـ ھۆرمەتنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ «قانائەت جاھانغا پادىشاھ بولغان سۇلايماننىڭ دۆلىتىدىنمۇ بۈيۈكتۇر»، «قانائەت شۇنداق بۇلاقكى، سۈيىنى تارتقان بىلەن تۈگىمەيدۇ. قانائەت خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئالغان بىلەنمۇ ئۆكسىمەيدۇ. قانائەت يوقالمايدىغان خەزىنىدۇر» دەپ قىزغىن

[1] ئاينىڭ چىقىشىغا قارا، ئۇ دەسلەپ ئەگمە ھالەتتە يېرىم چىقىدۇ. ھەر كېچە ئۆتكەنسېرى تولۇپ بېرىپ، تولۇن ئاي بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋە بۇيۇكلۇكىنى ئىسپاتلايدۇ ھەمدە قانائەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «كىشىنى ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرىدىغان پەزىلەتلىك نەرسىدۇر» دەيدۇ.

ئىززەت تىلىسەڭ ئەيلە قانائەت تەمە،
مەسىنىدى ئىززەت ئۆزرەدۇر «مەن قەنە»[①].

ئاپتور قانائەتنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنى ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇققا قارىمۇقارشى قويىدۇ. قانائەتچان كەمبەغەل بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاچ كۆز، تەمەخورنى، تەمەسىز گاداي بىلەن تەمەخور پادىشاھنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قانائەتچانلىق ۋە تەمەسىزلىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ خىسلەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ.

شاھ ئەمەس ئول كى باشىغا قويدى تاج،
شاھ ئانى بىلكىم ئاڭا يوق ئېھتىياج[②].

شائىر ئاخىرىدا ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇقنى بولۇشىغا سۆكۈپ: «ئاچ كۆز، تەمەخور كىشىلەر ھايۋان بىلەن ئوخشاش. ئۆلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش، تەمە قىلىش ئەخمەقلىقتۇر» دەيدۇ ھەمدە مۇنداق ئىللەتكە گىرىپتار بولغۇچىلارنى

---

① ئىززەت ـ ھۆرمەت تىلىسەڭ، قانائەتچانلىقنى ئۇمىد قىل، كىمكى قانائەت قىلسا، ئىززەت ـ ھۆرمەت تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

② بېشىغا سەلتەنەت تاجىنى كىيگەنلەر پادىشاھ ئەمەس، بەلكى تاجغا ئېھتىياجى يوق كىشى پادىشاھدۇر.

نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

پەزىل ھايۋانىۋەشلە ئىلكىدە تەمە قىلغاي كۆڭۈل،
ئويلادۇركىم ئارزۇ قىلغاي بۇغا شاخىدا گۇل[1].

ئاپتور ئەسەرنىڭ ۋاپا توغرىسىدىكى بابىدا ئۇنى كامالەت خەزىنىسىنى تولدۇرغۇچى قىممەتلىك گۆھەرگە ئوخشىتىپ، مۇنداق يازىدۇ: «ۋاپا يوقلۇق دېڭىزىغا يوشۇرۇنغاندۇر، تېپىلماس گىردابىدا پىنھاندۇر... ئەمما ئۇ جەۋھەردۇركىم، كامالەت (ئۇلۇغلۇق) مەرتىۋىسىگە چىقىشتا سەۋەب، ئۇلۇغ مەنسەپكە ئۆرلەشكە ئامىلدۇر. ھەرقانداق ئادەم ۋاپادار بولسا، ئۇنىڭغا جاپا يەتمەيدۇ ۋە مېھىرسىزلىكتىن باشقا ئىش مەلۇم بولمايدۇ.»

ئاپتور ۋاپانى مەدھىيىلىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ زامان زۇلمىدىن كىشىلەرگە جاپا يەتكەن، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر - شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ، مەككارلىق ئەۋج ئالغان فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، ئادەملەر ئارىسىدا تېپىلىشىغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. ئۇ: «كىمدە كىم ۋاپادارلىقنى ئۆزىگە يار قىلىشنى ئىستەيدىكەن، ئەگىرلىكنى تاشلاپ، راستلىقنى دوست تۇتۇشى لازىم» دەيدۇ.

شائىرنىڭ جەمئىيەت كەيپىياتىدىكى يەنە بىر

---

[1] ھايۋان تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن ياخشىلىق تەمە قىلىش — بۇغا مۈڭگۈزىدە گۈل ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلغان بىلەن ئوخشاشتۇر.

بۇزۇقچىلىقنىڭ ئىپادىسى سۇپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغىنى بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ، ئىلىملىكلەرنىڭ خارلىنىشىدۇر. شۇڭا ئۇ مەخسۇس بىر بابتا ئىلىم ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى جاھىللىق، نادانلىققا قارىمۇقارشى قويغان ئاساستا بولۇشىغا ماختايدۇ. شائىرنىڭ قارىشىچە، ئىلىم «نادانلىق، بىلىمسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنى يورۇتقۇچى قۇياشى»، ئۇ «كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ»، «قاراڭغۇ كېچىدە نۇر بولۇپ، يولدىن ئازغانلارنى توغرا مەنزىلگە يېتەكلەيدۇ. نىجاتلىق، ئازادلىققا ئېلىپ بارىدۇ.» بۇ تولىمۇ ئورۇنلۇق تەرىپلەشتۇر. شائىر ئىلىمنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ قىممىتىنى يۈكسەك باھالىغانىكەن، ئۆز دەۋرىدىكى بىلىمسىز، جاھىللارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەن بىلىملىكلەر خارلىنىپ، بىلىمسىزلەر ئىززەتلىنىدىغان تەتۈر زامانغا نىسبەتەن «ئالىم كىشى گەرچە پالاكەتكە دۇچ كەلسىمۇ، يەنىلا قۇياشتەك ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ، بىلىمسىز ئادەمنىڭ مال ـ مۈلۈك، خەزىنىسى بولسىمۇ، يەنىلا خەزىنە تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقاندەك، خار، پەس ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

دەھر ئىشى تا خەلق بىلەن بولمىش سەتىر،
خاردۇر ئالىمۇ، جاھىل ئەزىز[1].

[1] زاماننىڭ ئىشلىرى خەلق بىلەن قارشىلاشتى، ئالىملار خارلىنىپ، نادانلار ئەزىز بولدى.

شائىر بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرنى جاھىل، نادانلاردىن بولماي، ئىلىملىك بولۇشقا، ئىلىم ئىگىسىنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئومۇملۇق، خالىسلىق ھەققىدىكى بابىدا شائىر سېخىيلار بىلەن ھەسەتخورلارنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇش ئارقىلىق، سېخىيلارنى: «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنىڭ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش يولىدا تۆككەن پېشانە تەرى گۆھەردەك نۇر چاچىدۇ» دەپ قىزغىن مەدھىيىلىنىدۇ. ھەسەتخورلارنى بولسا «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشمىگۈچە ھەسەت چىرىغى يورۇمايدىغانلار» دەپ نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن قاتتىق سۆكۈپ، ئۇلارنىڭ ئەلگە قىلغان يامانلىقىنىڭ ئاقىۋەت ئۆزىگە جەبىر بولىدىغانلىقىنى مۇنداق ئەسكەرتىدۇ:

ئولكى زەرەر يەتسۈەسىنى تور ئېتەر،
ئېلىگە دېمەكىم، ئۆزىگە جەۋر ئېتەر[1].

ئاخىرىدا، ئۇ زىيانكەشلىكنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغۇچىلارنى يامان پەيلىدىن يېنىشقا، باشقىلارغا ئەمەلىي ياردەم كۆرسىتەلمىسىمۇ، سۆزى بىلەن ياردەم كۆرسىتىشكە، مۇبادا سۆزى بىلەن ياردەم كۆرسىتەلمىگەندە، كۆڭلىدە ياخشىلىق تىلەش نىيىتى بىلەن بولسىمۇ، ياردەم

[1] ئەلگە زىيانكەشلىك قىلىشنى ئادەت قىلغان ئادەم ئەلگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە جەبرى قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كۆرستىشكە دەۋەت قىلىدۇ.

مەئىدەنى ئىنكان، گەۋھەرى سۆزدۇر،
گۈلشەنى ئادەم، سەمەرى سۆزدۇر.
......
سۆز بىلەن نەپئى ئولمىسا ئەل پىشەسى،
ياخشى كېرەك كۆڭلىدە ئەندىشەسى[1].

ئەسەرنىڭ ياسانچۇقلار بابىدا شائىر بۇزۇقچىلىققا بېرىلگەن بىكار تەلەپ ياسانچۇقلارنى: «ئۆزىنى بازارغا سېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، جاللاتلىق ھۈنىرىدە ماھىر، ھىيلىگەرلىك پەندە ئاشكارا، رەھىم - شەپقەت يولىنى كۆرمەيدىغان، مېھرىبانلىق رەسمى - يوسۇنىنى بىلمەيدىغان، بەختى قارىلىقى پېشانىسىدا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، خەسچىلىك قىممىتى يوق كىشىلەر» دەپ بولۇشىغا سۆكىدۇ. ياسانچۇقلۇق بىلەن مەردلىك قەھرىمانلىق، پىداكارلىق، باتۇرلۇقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ياسانچۇقلۇقنى ئىرادىسىزلىكنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە قاراپ، قاتتىق ھەجۋىي قىلىدۇ. مەردلىك، قەھرىمانلىق، پىداكارلىق، باتۇرلۇقنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ. كىشىلەرنى مەرد، پىداكار بولۇشقا ئۈندەيدۇ.
«ماقالات» تا يەنە مەخسۇس بىر باب مىللەتنى جاھالەت،

[1] ئىنسان گوياكى بىر كاندۇر. بۇ كاننىڭ گۆھىرى سۆزدۇر، ئادەم بىر باغدۇر. بۇ باغنىڭ مېۋىسى سۆزدۇر. سۆز بىلەن بولسىمۇ ئېلىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسە، كۆڭلىدە بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش نىيىتى بولۇش لازىم.

زاۋاللىققا ئىتتىرگۈچى رىياكار سوپى، ئىشانلارنىڭ مەسلىكىنى پاش قىلىشقا ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى بار كۈچى بىلەن ھەجۋىي ئاستىغا ئالىدۇ. ئۇچىسىغا كىيىۋالغان ئالاقۇراقلاردىن تىكىلگەن جەندە تون، بېشىدىكى ئۇزۇن كولا، ئورىۋالغان سەللىسى، تۇتۇۋالغان ھاسىسى — تەقۋادارلىق پەردىزى، كېچىلەردە زىكرى ئېيتىمەن دەپ سالغان غەۋغاسى، تەسۋى تارتىپ ئېتىكاپتا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرۇشلىرى، يالغان نەسىھەت، تەلىم بېرىپ، پەرياد، پىغان بىلەن نەرە تارتىشلىرى، «بۇ دۇنيادىن كۆڭلىمىز ئۈزۈلگەن» دەپ يالغاندىن ئۆزىنى ئۆلگەن ئادەم قىلىپ كۆرسىتىشلىرى ئادەم ئالداشتىكى ھىيلىسىدۇر. ئۇلار ئەسلىدە ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇقتا ئۆتۈپ كەتكەن، خەسىسلىك، بېخىللىقتا ئۇچىغا چىققان، كىشىگە قىلچە نەپ بەرمەيدىغان، ھايا، نومۇس، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان، جاھىللىق، نادانلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان مەمەدانلار دەپ، غەزەپ بىلەن ئەيىبلىنىدۇ.

ۋەھ نەپىرىدۇركى يارەپ ئات ئاڭا دەۋرىش ئېرۇر،
باتىنى زەرقۇ، رىيائۇ، سىھىر، مەكىر ئەندىش ئېرۇر.
نە ھايا ۋە شەرم، نە ئانى رەسمى ئادەمى،
جاھىلۇ نادان كەجراي بىلاھەت كىش ئېرۇر[1].

[1] ئەي خۇدا، قانداق پىر (ئىشان) ئۇ ئۆزىنى دەرۋىش دەپ ئاتىۋالغان؟ ئۇنىڭ قەلبىدە ھىيلىگەرلىك، ساختىلىق، جادۇگەرلىك، مەككارلىق خىياللىرى ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭدا نە شەرم ـ ھايا ۋە نە ئادەمگەرچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولسۇن؟ ئۇلار جاھىللىق، نادانلىق، كاززاپلىق، ئەقىلسىزلىكنى كەسىپ قىلىۋالغان.

ئاخىردا، ئاپتور ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى بولغان خانىقانى دوزاخقا، سوپى، ئىشانلارنى دوزاخنىڭ ساقلىغۇچىسىغا ئوخشىتىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا ئىلىنىپ ئەنە شۇ دوزاخقا بېرىپ، ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «ماقالات» ئاپتورنىڭ ئەينى زامان جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش، توغرا ۋە نوپۇزلۇق بىر يولباشچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزاملىق، تەرتىپلىك، ئەخلاقلىق جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلغار غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەبىقە ۋە ھەرخىل قاتلاملىرى ئارىسىدا مەنىۋى بۇزۇقچىلىق سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتۋازلىق، ياسانچۇقلۇق، ماختانچاقلىق، تەمەخورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، نامەردلىككە ئوخشاش ئىنسانىيەت ئەخلاقىغا يات بولغان يامان ئىللەتلەرنى كەسكىن پاش قىلىپ، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىلغار قاراشتىكى ياخشى ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئەينى زامان خەلق ئاممىسىنىڭ تەلەپ - ئارزۇسىنى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى توغرىلىق بىلەن ئىنكاس قىلىپ، دەۋر ئېقىمىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن چوڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەر، مۇھىمى، مانجۇلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى 19 - ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مول قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«ماقالات» يالغۇز مەزمۇنىنىڭ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇرلۇقى

بىلەنلا ئەمەس، شۇنداقلا بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئىلمىي ئەنئەنىسىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆزگىچە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يارىتىپ، كىشىلىك ئەخلاقى ۋە زامانغا بولغان تۇپكى قاراشلىرىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولغان. ئۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشتە ئۇدۇلمۇئۇدۇل، بىۋاسىتە هالدا ئەمەس، بەلكى، بىرى، هايۋانات دۇنياسىغا تەقلىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل ئوبرازلىرىنى ۋاستە قىلىش، يەنە بىرى، پەند ـ نەسىھەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمغا مۇراجىئەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. شۇنداق قىلىپ بىر تەرەپتىن، ئۆز كۆزقاراشلىرىنى زامانىنىڭ تەقىبىگە ئۇچرىمىغان هالدا، ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئوبرازلىق، نەپىس، لىرىكىلىق بولۇشىنى تەمىن ئەتكەن. ئەسەرنىڭ پاش قىلىش كۈچى كۈچلۈك. ئاپتور، كۆپىنچە، هەجۋىي ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ مەرەزلىكلىرىنى پاش قىلىپلا قالماستىن، كىشىلىك ئەخلاقىغا زىت بەزى ناچار خاھىشلارنىمۇ قاتتىق سۆككەن. ئاپتور هەربىر مەسىلىدىكى تۇپكى قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە، ئاساسەن سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئاپتور ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىش جەريانىدا، كېرەكلىك ئورۇنلاردا مۇلاهىزە، لىرىكىلارنى قىستۇرۇپ، ئۆز ئەسىرىنى كۈچلۈك هېسسىياتچانلىققا ئىگە قىلغاندىن باشقا، بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئىسپاتلاش

ئۇچۇن ئۇيغۇر ۋە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نۇرغۇن شېئىرىي ستاتىلارنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن نەقىللەرنى كەلتۇرگەن ۋە بەزى ھېكايەت، مەسەللەرنى قىستۇرغان. ئەسەر تىل جەھەتتىنمۇ ئاممىباب، ئۆتكۈر، راۋان، ئوبرازلىق، ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە باي بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەر قاتارىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ماقالات[1]

كىشىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئىنتىزامىلىق ـ قانۇنلۇق بولۇشى، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارغا، يامانلار ياخشىلارغا زۇلۇم ـ سىتەم يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن سەلتەنەتلىك، نوپۇزلۇق ھۆكۈمدارنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا

(شائىر بۇ باياننى قۇشلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىشى ۋە ئۆزىگە توغرا يولباشچى — رەھبەر سايلىماقچى بولۇشقانلىقى تەرتىپى بىلەن بايان قىلىدۇ ۋە توغرا رەھبەرنى سۇمۇرغ ئوبرازى بىلەن تونۇشتۇرىدۇ.)

## قۇشلارنىڭ يىغىلىشى

سەربەسەر قۇشلار ئالالا قىلدىلار،
ھۇد ھۇد ئەتراپىدا غوۋغا قىلدىلار.

(پۈتۈن قۇشلار چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، ھۆپۈپنىڭ ئەتراپىدا غوۋغا قىلىشتى.)

---

[1] بۇ ئەسەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ سانلىرىدىن ئېلىندى.

بىزگە چۈن مانىئى بولۇپ گۇمراھلىغ
بەرسەڭ ئۇشاھ سەيرىدىن ئاگاھلىغ.

(بىزگە يولدىن ئازغانلىقىمىز توسالغۇ بولدى، توغرا يولباشچىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىدىن بىزگە خەۋەر بەرگىن.)

قۇشلار ھەقىقىي يولباشچى ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن يول كۆرسىتىشنى، غەپلەت چۈمپەردىسىنى ئۇلارنىڭ قەلب يۈزىدىن كۆتۈرۈۋېتىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

ھۆپۆپنىڭ قۇشلارغا سۇمۇرغنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى بايان قىلىشى:

تەڭرىنى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىمەنكى، سۇمۇرغ دەرگاھى (ئوردىسى) نەدىكەن كەڭ، نەدىكەن ئۇستۇندۇركى، ئوردىغا يەتمەك ۋە مەقسەت يېپىنى قولغا ئېلىش قاتتىق دىشۋاردۇر. لېكىن، ئۇ مەيدانغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىرادىنى مەھكەم تۇتماق سائادەتتۇر.

مۇيەسسەر بولسا مەقسەت سەھل ئىرۇرئى دوستلار خەيلى،
غىرىبۇ خاكسار ئاشىغى پەژمۇردە ھال ئولماق.

(ئەي دوستلار! مەقسەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەر قانداق جەبىر - جاپالارغا چىداپ، ئاشىق بولغاندا مەقسەت ئاسان كېلىدۇ.)

قۇشلارنىڭ ھۆپۆپتىن بۇ توغرىدىكى سوئالى:

كىم كۆرۈپتۇ ئۇنىڭ ھالاتىنى،
پېئىل ئەتۋارى ۋە سىپاتى، زاتىنى؟

www.uyghurkitap.com

(سـۇمۇرغنىڭ ئـەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى، ياخشى نامىنى ۋە ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنى كىم كۆرۈپتۇ؟)

ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا دانا رەھبەر سۇمۇرغنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن جاۋابى ۋە سۇمۇرغنى ئىزدەپ پەرۋاز قىلىشى ۋە نەقىش ـ نىگارلىق ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر شەھەرگە چۈشكەنلىكى؛ بۇ شەھەر شۇنداق شەھەر ئىدىكى، جاھان رەسساملىرى ۋە زامان سۈرەتچىلىرى ئۇ شەھەرنىڭ نەقىشلىرىدىن نەقىش چېكىشنى ئۆگىنىدىغانلىقى، ھۆپۈپ قايتىپ كېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ سۈپەتلىرىنى قۇشلارغا بايان قىلغاندىن كېيىن، قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىغانلىقى:

مۇنداق ئەقىللىق، دانا رەھبەرنىڭ سۈپەتلىرىنى ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشمەك ئۈچۈن جانلىرىمىزنى قۇربان قىلغايمىز. ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغايمىز.

مۇيەسسەر ئېسە دوستىنىڭ ۋەسلى بىردەم،
بېرىپ ئىككى ئالەم خېرىدارلار بىز.

(دوستىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈش مۇمكىن بولىدىغانلا بولسا، ئىككى ئالەمنى كېزىپ كۆرۈشكە خېرىدارمىز.)

بۇ يولدا غەيرەت كەمىرىنى باغلاپ، ھەقىقىي رەھبەر سۇمۇرغ ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

قۇشلارنىڭ ھۆپۈپكە ئېيتقانلىرى:

دېدىلەر ھۇد ھۇد كىم ئەي پېشۋا،
بۇيلە رەھبەر پۇرقەتى ئەرمەس راۋا.

www.uyghurkitap.com

(قۇشلار ھۆپۈپكە ئېيتتىكىن، ئەي يولباشچى، مۇنداق ھەقىقىي رەھبەردىن ئايرىلىپ قېلىش توغرا ئەمەس.)

كىر گامىز ئول شەھە يولىغا جان بىلە،
جان ئاۋۇ چىلاي دىدەئى گىريان بىلە.

(ئۇ رەھبەرنىڭ يولىغا جېنىمىز بىلەن ماڭىمىز، جېنىمىزنى ئالىقانىغا ئېلىپ، كۆز يېشىمىز بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىمىز.)

ھۇدھۇدنىڭ قۇشلارغا رەھبەرلىك قىلىشى ۋە قۇشلارغا ئېيتقانلىرى:

بىزگە چەرخ ئولسا مۇ سائىد بەختىيار،
قىلسىڭىز مۇنداق سەپەرنى ئىختىيار.

(بىزگە زامان ئىمكانىيەت بېرىپ، بەخت مەدەت قىلسا، سىلەر مۇنداق سەپەرنى ئىختىيار قىلساڭلار).

مەن داغى بۇ يولدا جانىم بارىچە،
جىسمىم ئارا تابى - تاۋانىم بارىچە.

(مەنمۇ بۇ يولدا جېنىمنىڭ بارىچە، بەدىنىمدە كۈچ - قۇۋۋىتىمنىڭ يېتىشىچە.)

بارىڭىزغا ئەيلەيىن ھەمراھلىغ،
بارچە مەنزىلدىن بىراي ئاگاھلىغ.

(ھەممىمىزگە يولدا ھەمراھ بولاي، بارلىق يوللاردىن سىزنى خەۋەردار قىلاي.)
مۇنداق ساداقەتلىك، پىداكار ۋە مۇۋاپىق تەلەپكارنىڭ غەيرەتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن ئىلھاملىنىپ، قۇشلار يولغا تەييارلاندى. ھۆپۈپ قۇشلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتى.
تۇتىنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە بايان قىلىشى:
مەن شېكەرىستان① ۋادىسىدىن باشقا ۋادىنى تاماشا قىلمىغان، يولنىڭ مۇشەققەتلىرىگە چىداشلىق بېرەلمەيمەن.
ھۆپۈپنىڭ تۇتىغا بەرگەن جاۋابى:

ئەۋۋەل ئۆز مەنزىلگىھىڭنى يار قىل،
كۆڭلۈڭ ئول ئۈمىد بىرلە شاد قىل.

(ئالدى بىلەن ئۆز ماكانىڭنى ئەسلىگىن، ئەشۇ ئۈمىد بىلەن كۆڭلۈڭنى شاد قىل.)
تۇتى بۇ ئالىيجاناب يولباشچىنىڭ نەسىھىتى بىلەن توغرا رەھبەر ئىستەش يولىغا يۈرۈش قىلىپ، ھەقىقىي رەھبەر بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشتى.
تاۋۇس (توز) نىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە بايان قىلىشى:
مېنىڭ ھاياتىم پادىشاھ ۋە ئىمپېراتورلارنىڭ ئوردىسىدا، گۈلباغچىلىرىدا ئۆتىدۇ. بۇ يولنىڭ مۇشەققەت، قاتتىق جاپالىرىغا تاقەت قىلىش ئىمكانىم يوق.
ھۆپۈپنىڭ تاۋۇس (توز) غا جاۋابى:
تاشقى كۆرۈنۈشكە مەغرۇر بولماق (ئالدانماق) بىلەن بۇ ئۇلۇغ سەپەردىن ۋاز كەچمەك يولدىن ئازغانلىقدۇركى،

① شېكەرىستان ـــ شېكەر قومۇشلۇقى.

www.uyghurkitap.com

جاھاننىڭ زىبۇزىننىتىدە ۋاپا يوقتۇر.

قازا مەشئائەسى زىبغە مەغرۇر بولما ئەي دىلبەر،
ئۆچەر بۇ خىل ئوسما، ئۆچمەس تەلەۋۋۇل ھەم.

(ئى سۆيۈملۈك بۇرادەر! جاھاننىڭ ھادىسە، قازاسىدىن ئىبارەت بىزنىڭچۈننىڭ سىنى زىننەتلەپ پەردازلاشلىرىغا ئالدانما، قازانىڭ مۇنداق نىل رەڭ ئوسمىلىرى ۋە پەردازلىرى ئۆچۈپ كېتىدۇ.)

ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ سەپەرگە تېز يۇرۇش قىلىش، شەكلەن گۈزەل كۆرۈنگەن زىبۇزىننەتلەردىن كېچىش كېرەك.

زىپ زاھىر جۇز تەمەسخور كەلمىدى،
كىمسەگە ئاندىن قاپا خور كەلمىدى.

(تاشقى كۆرۈنۈشتىكى زىبۇزىننەت مەسخىرىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەسخىرىلەشكە تېگىشلىك زىبۇزىننەتتىن ھېچ كىشىگە ئىپتىخار كەلمەيدۇ.)
ئۇ ھىندى سىركچىسىنىڭ تاج كىيىپ، ئۆزىنى سەلتەنەت ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىشىنىڭ پايدىسى بولمىغىنىدەك بىر ئىشتۇر.
بۇلبۇلنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە بايان قىلىشى:
مەن شۇنداق بىر ئاشىقكى، گۈلنىڭ جامالىدىن كۆزۈمنى، گۈل شاخلىرىدىن كۆڭلۈمنى ئۈزۈشكە ئىمكانىم يوق. گۈلدەك زىبا مەشۇق ۋە دىلىمنى ئۆزىگە تارتقان سۆيۈملۈكتىن ئايرىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

ھۆپۆپىنىڭ بۇلبۇلغا جاۋابى: ھازىر سەن ئاشىقلىقتىن لاپ ئۇرۇپ، گۈل ئىشقىدا مەجنۇنلۇقتىن سەپسەتىلەر سۆزلەۋاتىسەن، ئىسىت، يۈز نومۇسكى، بۇ خىل ئاشىق ۋە مەشۇقلۇقتىن. سىنىڭ ئاشىقلىق ھەۋىسىڭ باھار پەسلى گۈل مەۋسۇمىدىن باشقا چاغلاردا كۆرۈنمەيدۇ. ئاشىقلىق دەرۋىشى، مەشۇقلۇق ئالامىتى شۇنداق بولىدۇكى، پەسىيش، ئۆزگىرىپ كېتىش ئۇنىڭغا دۇچ كەلمەيدۇ، مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ.

نە مېھرى ئىسى، نە ۋاپا رەڭگى تاپقۇڭ ئەي بۇلبۇل،
بۇ باغ گۈللىرىگە بەرمە زىنھار كۆڭۈل.

(ئەي بۇلبۇل، بۇ باغنىڭ گۈللىرىدىن مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ پۇرىقىنى ۋە ۋاپانىڭ رەڭگىنى تاپالمايسەن، ھەرگىز بۇ ۋاپاسىز گۈللەرگە كۆڭۈل بەرمە!)

پاختەكنىڭ ھۆپۆپكە ئۆزرە بايان قىلىشى:

مەن چىمەنلەرنى سەيلە قىلىپ، گۈلباغچىلىرىنى ساياھەت قىلىشتىن باشقىنى كۆرمىگەن بىر قۇش، دەشت ـ باياۋان، تاغلارنى كېسىپ ئۆتۈشكە مەندە ئىمكان يوق.

بويلە يول رەنجىن چېكە ئالغايمۇ مەن،
بۇ ھەۋەس توخمىسىن ئېكە ئالغايمۇ مەن.

(مۇنداق جاپالىق يولنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى تارتالايمەنمۇ؟ مۇنداق ھەۋەسنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىيالايمەنمۇ؟)

ھۆپۆپىنىڭ پاختەككە جاۋابى:

ئەي يولدىن ئازغان گۇرۇھ، ئەي مەسلەكسىز يول

يۈرگەنلەر! بىلمەك كېرەككى، جاھان گۈل بېغى ۋە زامان لالىزارى چىمەنى سەيلىسىدىن ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدىغىنى - يوقىتىش ۋە نادامەت (پۇشايمان) دۇر. ھەسرەت ئەپسۇس، يۈز كەتكۈزىدۇ. ئەجەل قارچىغىسى ۋە ئۆلۈم لاچىنى كىشى ئۆمرى ئارزۇسى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئەڭ ئاخىرى رەھىمسىزلىك پەنجىسىنى ئۇرىدۇ، ۋاپاسىزلىق تۇمشۇقلىرىنى ئۇزىتىدۇ. مۇنداق ھالەتتە پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ.

ئالىڭغە بەس قاتتىغ يول، قەتئىغە يوق گۇرىز،
گەر شاھ، گەر گاداي بول، گەر تونىد، گەر ياۋاش.

(سېنىڭ ئالدىڭدا قاتتىق جاپالىق يول تۇرۇپتۇ. مەيلى شاھ، مەيلى گاداي، مەيلى قەھر - غەزەپلىك، مەيلى ياۋاش بولغىن، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتمەي قۇتۇلالمايسەن.)
تاقىتىنىڭ بارىچە سەپەر تەييارلىقىنى ھازىرلىماق ۋە سەپەر ئەھلىگە ئوخشاش يولغا تەييار تۇرماق لازىم.
كەپتەرنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:
مەن شۇنداق بىر قۇشمەنكى، خەقنىڭ سارايلىرىدا مەغرۇرانە ياشاپ، دان ۋە سۇ تېپىش جاپاسىدىن خاتىرجەم ئىدىم. جاپالىق سەپەرنى ئىختىيار قىلىش مۇتلەق نادانلىقتۇر.
ھۆپۈپنىڭ كەپتەرگە جاۋابى:
ئەي، پەس نەپسگە مەغلۇپ بولغان ۋە يامانلىققا باشلىغۇچى نەپسگە مەھكۇم بولغان ۋە ئۇلۇغ دەرگاھتىن قوغلانغان، بىلمەيسەنكى، جاھان ئېلىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە دەۋر گۇرۇھىنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىشى زۆرۈر ئۈستىگە

زورۇردۇر.

كەپتەر قەسرى بورچىدا ئىمەس شاھ شىكەستىدىن ئەمىن،
خوشا ئول جۇنمىزە كىم ۋەيرانە كونجىن ئىختىيار ئەتمىش.

(كەپتەر پادىشاھ يېنىدا تۇرغان بىلەن پادىشاھنىڭ تۇزاق يېپىغا باغلىنىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئەسكى ۋەيرانلىق بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشنى ئىختىيار قىلغان ئازاد ھۇۋقۇش نە دېگەن خۇشال.)

كەكلىكنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

مەن شۇنداق قۇشكى، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ۋە باشقىلاردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئالغان، مېنىڭ مەقسىتىم كانلارنىڭ گۆھەرلىرىنى تەرمەك[1] ۋە تاغ چېچەكلىرىنى كۆرۈپ جەۋلان قىلماقتۇر. بۇلاردىن ئايرىلىش ۋە سەپەرگە يۈرۈش قىلىش ماڭا مۇناسىپ كەلمەيدۇ.

ھۆپۈپنىڭ كەكلىككە جاۋابى:

ئەي قەلبى بۇزۇق، خاتا تەپەككۇرلۇق ئىشان! ئەي پۇشايمانغا يولۇققۇر نادان جىنايەتكار! زامانىنىڭ دەۋرى ئىقبالىدىن، پەلەكنىڭ ئايلىنىشىدىن، مېھىر ـ ۋاپا، ئىززەت ـ ئابرۇي، رەسىم ـ يوسۇنى قولغا كېلىشىنىڭ ئىمكانى يوق، ئۆمۈرنىڭ مەھسۇلى سارابقا[2] ئوخشاشتۇر. ئەجەلنىڭ قاتتىق بورانلىرى ئالدىدا ئۆمۈر بىر زامانمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ.

---

① ئېيتىشلارچە، كەكلىك تاغلاردا يۈرۈپ قىممەت باھالىق تاش پارچىلىرىنى تېرىپ يەيدىكەن.

② ساراب ـــ ياز پەسلى، تومۇز كۈنلىرىدە تاشلىق سايلاردا قۇياشنىڭ ئىسسىقلىق تەسىرى بىلەن يىراقتىن قارىغۇچىلارغا سۇ ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئىسسىق ـــ تومۇز يالقۇنى؛ ئەمەلىيەتتە سۇ ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا قانداق مۇئامىلىلەر ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مەلۇم ئەمەس. ئەپسۇسكى، مۇنچىلىك ئۆمۈردە دۇنيا ئىزدەش بىلەن زاھىرلىق (ئىشانلىق) تۇزاغىنى يېيىپ، ئۇلۇغ سەپەرگە يۈرۈشتىن باش تارتامسەن؟

چۈنكى، قىلدىڭ قۇرب قافى سارى ئەزم،
تورگىل ئەمدى ۋەسل ئۇمىدى بىرلە بەزم.
ۋەسلى ئۇمىدى جۇت يېقىندۇ شات بول،
ھىجىر تاغى تاشىدىن ئازاد بول.

(سەن مەقسىتىڭ تېغى تەرىپىگە يۈرۈش قىلدىڭ، مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئۇمىدى بىلەن بەزمە تۈزگىن. مەقسەت جامالىغا يېتىشنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشتىن خۇشال بول، ھىجران تېغىنىڭ تاشلىرىدىن ئازاد بول!)

قىرغاۋۇلنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

ھۆسن ـ جامالىم زىبۇزىننىتى بىلەن بېزەلگەن مەغرۇر بىر قۇشمەن. بۇ سەپەرگە يۈرۈش قىلىشقا ھاجىتىم يوق.

ھۆپۈپنىڭ قىرغاۋۇلغا جاۋابى:

ئەي ئۆزىنى بىلمىگەن نادان، ئەقىلسىز! ئۆز ھۆسن ـ جامالىدىن سۆزلىمەك، ئۆزىنى مەدھىيىلەپ ئاۋاز چىقارماق، نېمىدېگەن ئەخمەقلىق... چىمەن مەنزۇرلۇقىدىن، گۈللۈك باغلار ھۇزۇرىدىن سۆزلەيسەن. بۇ سۆزلىرىڭمۇ ئەقىللىقلار ئەقلىدىن يىراقتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر بۇ خىل ۋاقىتلىق چىمەنلەرگە كۆز سالمايدۇ ۋە مۇنداق ۋاقىتلىق گۈللۈك باغلارغا كۆڭۈل باغلىمايدۇ.

تۇتما ئۇلپەت باغ ئارا كىم سىر ـ سەرى دەردىن ئىرۇر،
ئىمىن ئول قۇشكىم ئۇنىڭ مەئىۋاسى ۋەيران ئىچرەدۇر.

(بوران - شۇۋرغانلىق، زىمىستانلىق باغنى ئۇلپەت تۇتما! بۇنداق مەڭگۈ بولالمايدىغان باغ، چىمەنلەرگە كۆڭۈل بەرمە! ۋەيرانىدا ماكان تۇتقان قۇش خاتىرجەمدۇر.)

قارچىغىنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

مەن شۇنداق بىر قۇشمەنكى، پادىشاھلار، خاقانلار قولىدا ۋە جاھانپانالا شىللىسىدە جىلۋە قىلىمەن. شاھلار گورۇھى مېنىڭ ئالدىمدا پەست! قۇشلار گورۇھى كۈچلۈك تىرناقلىرىم زورلۇقىدىن شىكەست[1]. ئەمەلىيەتتە سۇمۇرغتۇرمەنكى، سۇمۇرغنى ئىزدەپ سەپەر قىلىشقا ئېھتىياجىم يوق.

ھۆپۈپنىڭ قارچىغىغا جاۋابى:

سەن پەس نەپسىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپسەن ۋە ئۇنىڭغا مەھكۇم بولۇپسەن. سېنىڭ مۇنداق كىبىر - تەكەببۇرلۇق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغىنىڭدىن يوقالغىنىڭ مىڭ ياخشىراق ۋە باشقىلارغا مەھبۇبراقتۇر.

كەتكۈڭ ئاخىر دىھلەت ئاھەڭگىن تۇزۇپ ئى بول ھەۋەس،
بارچە قالغاي ئايرىلىپ بارغاي نادامەت بىرلەغەم.

(ئەي بىھۇدە ھەۋەس قىلغۇچى، دۇنيادىن ئاخىر كېتىسەن، ھەممە نەرسىلىرىڭدىن ئايرىلىسەن. پۇشايمان، ھەسرەت، غەم سەن بىلەن بىرگە بارىدۇ.)

بۈركۈتنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

مەن شۇنداق بىر قۇشكى، تېز يۈگۈرەيدىغان كېيىكلەر، بۇغىلار چاڭگىلىم، تىرناقلىرىم كۈچىدىن قۇتۇلالمايدۇ. يېمەك ئەندىشىسىدىن بىردەممۇ خالىي ئەمەسمەن، بۇ يول

---

[1] شىكەست — سۇنۇق، مەغلۇپ، بىچارە.

سەپىرىگە قانداقمۇ لايىق بولالايمەن؟
ھۆپۈپنىڭ بۇركۇتكە جاۋابى:
ئەي نەپسىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەت يېپىغا باغلىنىپ قالغان ۋە شۇبھىلىك نەرسىلەرنى يېيىشكە بەند بولغان، قانائەت ئىلمىدىن يىراقلاشقان، تەمەخورلۇق ئادىتىگە مەغرۇرلانغۇچى! بىلەمسەنكى، «قانائەت ـ ھېچقاچان تۈگىمەيدىغان، يوقالمايدىغان خەزىنىدۇر»، بۇ خەزىنە مەڭگۈدۇر.
قانائەتتەك خەزىنە ئالدىڭدا تۇرۇپ بۇنى تاشلاپ، يېمەكلىك ئىزدەپ ھەرخىل يوللارغا يۈرۈش نېمىدېگەن پەسكەشلىك.

تاغ كەبى تارت قانائەت ئېتەكى ئىچرە ئاياغ،
دەۋر پەلەكتىن ساڭا بىر قۇرس ئەگەر شام يېتەر.

(ئەي بۇركۇت! قانائەتنىڭ ئېتىكىگە تاغقا ئوخشاش مۇستەھكەم قەدەم قوي، زامان دەۋرىدىن ئەگەر ساڭا بىر كېچىدە بىر توقاچ تەگسىمۇ يېتىشىدۇ.)
ھۇۋقۇشنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە بايان قىلىشى:
مەن دائىم ۋەيرانىلاردا ماكان تۇتۇپ يۈرىمەن، خەزىنە بايلىقتىن بىزارمەن.

بۇ ئۇزۇن يولدا مېنى تۇتقىل مۇئاپ،
مەن كىمۇ، سۇمۇرغ بىرلە كوھىقاپ.

(بۇ ئۇزۇن مۇساپىلىق يولدا مېنى ئەپۇ قىل، مەن قانچىلىك ئادەم؟ سۇمۇرغ بىلەن كوھىقاپ قەيەردە؟)



www.uyghurkitap.com

ھۆپۆپنىڭ ھۇۇقۇشقا جاۋابى:

ئەجەلنىڭ مىھمىزى[1] قاتتىق قوللۇق قەھرىمانكى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بارىدىغان مەنزىلنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، قاتتىقلىق جەبىر - جاپاسى ھەركىمنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. بۇ مەنزىلدىن ئۆتمەك دىشۋاردۇر. قېچىپ قۇتۇلۇشقا پاناھ يوق. ئىزنى يوشۇرۇشقا بىرەر بۇلۇڭ - پۇچقاقمۇ تېپىلمايدۇ. ئاخىرى يوقلۇق سەپىرىگە يۈرۈش قىلماقتىن باشقا چارە يوق. ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچمەي مۇمكىن ئەمەس.

دەھر بوستانى ئارا نازۇك ناھالى كۆرمەدۇك،
سايە يەڭلىغ بولمىغان يەر بىرلە يەكسان ئاقىۋەت.

(زامان بوستانلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن بىرەر نازۇك كۆچەتنىڭ سايىغا ئوخشاش يەر بىلەن يەكسان بولمىغانلىرىنى كۆرمىدۇق.)

مۇنداق دىشۋارلىقلار ئادەم بېشىدا بار، دۇنيا (مال - مۈلۈك) نى گۈزەل كېلىنگە ئوخشاش ئىزدەش ئاررۇ - ئۈمىدى بىلەن بەختلىك بولۇپ، ئاچ كۆزلۈك ھەۋىسى تۇزىقىغا باغلىنىپ قېلىش ئەقىلدىن ئەمەس.

قەپەس قەيدەدۇر بۇلبۇل بۇ كىم ۋەيرانە توكمىش چۇغۇندەك،
ۋاپاسى يوق ئىكەنىن بىلدى گويا ئەھلى دۇنيانىڭ.

[1] مىھمىز — ئات مىنگۈچىلەر، بولۇپمۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆتۈكنىڭ تاپىنىغا بېكىتىۋالىدىغان، ئاتنى تېز ماڭدۇرۇشتا تېپىپ ھەيدەيدىغان تۆمۈر.

(بۇلبۇل قەپەسكە سولاقلىق، چۇغۇندەك[1] ۋەيرانىدە ياشايدۇ. چۇغۇندەكنىڭ ۋەيرانىدە ياشىشى دۇنيا ئەھلىنىڭ ۋاپاسى يوقلۇقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈندۇر.)

بەخت قۇشىنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

مەن شۇنداق قۇشكى، مېنىڭ سايەم شەرپىدە گادايلار شاھلىق شەرپىنى تاپىدۇ. شۇنداق شاھمەنكى، باشقا شاھ (رەھبەر) قا ئېھتىياجىم يوق.

ھۆپۈپنىڭ بەخت قۇشىغا جاۋابى:

ئۇلۇغ دەرگاھتىن قوغلانغان، لەنەتكە يولۇققان! ئېيتىسەنكى:

قىلماغىم خوشراق ھەۋانى جىلۋە گاھ،
بەرمەكىم شەھەرلەرگە سايەمدە پاناھ

(ھاۋادا سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرگىنىم ياخشى، شاھلارغا ئۆز سايەمدە پاناھ بېرىشىم ياخشى.)

نەپسىڭنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچراپ، روھىڭ مەغلۇپ بولغان، قەلبىڭنىڭ ئەينىكىنى گۇناھىڭنىڭ چاڭ - توزان، داتلىرى باسقان! نەپسىگە سېنى ئازدۇرۇشى كۆڭلۈڭنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپتۇ. كامالەتلىك ئۇستازنىڭ تەربىيىسى ۋە يولباشچىلىقىدىن ئايرىلىپ قالغانسەن.

توخۇنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىشى:

مەن شۇنداق قۇشكى، ئاۋازىمنىڭ ۋەزىنداشلىقىدىن خەلقنىڭ قۇلىقىغا راھەت يېتىدۇ، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارغا

[1] چۇغۇندەك ـــ خەلق شۇم، نەس دەپ ھېسابلايدىغان ۋە يامان كۆرىدىغان قۇشنىڭ بىر تۈرى، ئۇنىڭ بەدىنى كىچىك، قۇيرۇقى كالتە بولىدۇ.

زىننەت كېلىدۇ. مۇساپىرلىق يولىغا ماڭماسمەن.

ھۆپۈپنىڭ توخۇغا جاۋابى:

ئەي شەھۋەتپەرەس گۇمراھ[1] ۋە يامان خاھىشلىق نەپسىگە بويسۇنغۇچى! بىلمەيسەنكى، زاماننىڭ ئىشلىرى ئاخىرىغا قەدەر ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا، نەپس ـ ھاۋاغا مەغرۇر ۋە مەپتۇن بولماق دانا، ئەقلى باركىشلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

قۇشلارنىڭ سۇمۇرغقا نىسبەتەن ئۆز ئەھۋالىنى سورىشى:

سۇمۇرغ بارگاھى ئۇلۇغ، شانلىقتۇر. ئەرشى مەملىكىتى ۋە كۇرسى مەيدانى[2] ئۇنىڭ ئالدىدا پەستۇر. ئەقىل ـ ئىدراكنىڭ تاناۋى ۋە پەھىم ـ تەسەۋۋۇرنىڭ كەمەندى[3] سۇمۇرغ ئالدىدا پەستۇر. ھەرىكەتلىرىمىز بىھۇدىلىكتۇر. بىز يولدىن ئازغان گۇرۇھ ۋە تايانچىسىز تۇپتۇرمىز. گويا بىز مەۋھۇم بىر تامچە ۋە نامەلۇم بىر زەررەدۇرمىز. مۇنداق ھالەت بىلەن بۇ پايانسىز زور دۇنيا ئېقىمىغا كىرمەكنىڭ خىيالىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا جاۋابى:

ئەي يولغا ئاتلانغۇچى ۋە توغرا رەھبەر ئىزدىگۈچىلەر! ھەقىقىي رەھبەر ـ يولباشچى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئالدىڭلارغا كەلمەيدۇ، ئۇنى ئىزدەپ تېپىش مۇشەققەتلىكتۇر.

قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن يول ئەھۋالىنى سورىشى ۋە ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا يول كۆرسىتىشى:

---

① گۇمراھ ــــ ماڭىدىغان يولىدىن ئازغۇچى، يول يىتتۈرگۈچى.

② ئەرشى مەملىكىتى ۋە كۇرسى مەيدانى ــــ دىنىي تەسەۋۋۇرلاردا سۆزلىنىدىغان يەتتە قات ئاسمان ئۈستىدىكى ئەڭ ئالىي ماكان.

③ كەمەند ــــ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قارشى تەرەپنى تۇتۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئېتىپ بويىنىغا سېلىۋالىدىغان ۋە ياكى كۆندۈرۈلمىگەن ئاتلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سالغۇ.

بەردى ھۇد ھۇد قەۋمىغا مۇنداق جاۋاب:
كى بۇ يەڭلىغ ئاڭلاڭىز رايى ساۋاب.

(ھۆپۇپ ئۆز قوۋمىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: توغرا پىكىر مۇنداق، بۇ پىكىرنى ئاڭلاڭلار!)

ئەي ھەقىقىي رەھبەر - يولباشچى ئىزدەپ سەپەرگە يۇرۇش قىلغۇچىلار، شۇنى بىلىڭلار ۋە ئاگاھ بولۇڭلار، بۇ يولنى بېسىپ ئۆتۈش ۋە مەقسەت يۇرتىغا يېتىش ناھايىتى مۇشەققەتلىكتۇر. ھەر كىم بۇ يولغا قەدەم قويسا قەتئىي نىيەت، يېڭىلمەس ئىرادە، پىداكارلىق بىلەن يولغا كىرىش لازىم.

ئەجەب ئەمەستۇر ئەگەر تاپتى گەۋھەرى مەقسۇت،
بىراۋكى بولدى پانا ئەشكى بەھرىدە غەۋۋاس.

(مۇراد - مەقسەت گۆھىرىنى تاپماقچى بولغان كىشى شۇ مەقسەت يولىدا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى بارلىق شەخسىيىتىنى يوقىتىپ، كۆز يېشى دېڭىزىدا غەرق بولسا مەقسىتىگە يېتىشى ئەجەب ئەمەس.)

بۇ شۇنداق يولدۇركى، بۇ يولغا يۇرۇش قىلغانلار ئۆز مەقسىتىدىن باشقا شەيئىلەر (تۈرلۈك ئارزۇ - ھەۋەسلەر) دىن پەيدا بولغان بۇت (زۇننار) نى ۋە بىر مەقسىتىدىن باشقىنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتىشى، بىر دىللىق ۋە بىر ئىرادىلىك بولۇشى لازىم.

قۇشلار ھۆپۇپنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە بىر كىشىنى پېشىۋا قىلماقچى بولۇشۇپ، «قۇرئە» (چەك) تارتىشتى. چەك تارتىشتا ھۆپۇپ ئىسمىغا

چىقتى. شۇنىڭ بىلەن قۇشلار ھۆپۈپنى ئۆزلىرىگە يېشۋا (يولباشچى) سايلاپ، ھەقىقىي رەھبەرنى تېپىش ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىپ يولغا چىقتى. ھۆپۈپ قۇشلارغا يولباشچى بولۇپ، سەپەرگە يۈرۈش قىلدى. قۇشلارنىڭ يول ھەققىدە سوئال سورىشى:

بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەددىدىن تاشقىرى ئىكەن. نېمە ئۈچۈن بۇ يولدا باشقا بىراۋلارنى ئۇچراتمايمىز؟

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

خالايىقنىڭ غوۋغاسى ۋە مەنسەپ، ئىززەت ـ ئابرۇي تالىشىش ماجىراسى ۋە مەنسەپ ئەھلىنىڭ مەنسەپدارلىق كىبىرىسىدە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇتۇشى بىلەن بۇ يولغا كىرىشكە ھەددى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇزۇن سەپەر يولى خالىيدۇر.

قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن سورىغان سوئالى:

مەقسەت ئۇزۇن، بىز كۆزلىگەن مەقسەت مەملىكەتتى يىراقتۇر. بىر زامان ئارام ئالغايمىز. يېمەك ئۈچۈن دان ۋە سۇ تەييارلاپ ئېلىپ يول يۈرگەيمىز. ئاندىن بىز خاتىرجەم بولۇپ يولنى بېسىپ ئۆتكەيمىز.

قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن سوئال سورىشى:

قانات ـ قۇيرۇقتا ھەممىمىز باراۋەر. سېنىڭ يولباشچىلىق قىلىش شەرىپىگە نائىل بولۇشۇڭغا سەۋەب نېمە؟

ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا جاۋابى:

سىلەر بىلمەيسىلەركى، سۇلايمان[1] نىڭ نەزىرىگە

---

[1] سۇلايمان — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئەسىرلەردە شىمالىي سۇرىيە، پەلەستىن، مىسىر ئەتراپىدا ئۆتكەن، پەيغەمبەر ۋە پادىشاھ، دەپ تونۇلغان كىشى.

مۇشەررەپ بولغانمەن. بېشىمدىكى تاج سۇلايماننىڭ نەزىرى چۈشكەنلىك شاراپىتىدىندۇر.

ھەقتائالا كىمنىڭگە ئەيلاپ نەزەر،
ھەم رەسۇل ئەيلاپ ئىدى ھەم تاجۋەر.
بۇيلە ساھىپ دەۋلە تۇ ساھىب سەرىر،
ئىلتىپاتىن تاپتى مەن يەڭلىغ پەقىر.

(«تەگرى» بىر كىشىگە نەزەر قىلىپ ھەم پەيغەمبەر ۋە ھەم تاجدار پادىشاھ قىلدى. مۇنداق پەيغەمبەر پادىشاھ ۋە تەخت ئىگىسىنىڭ ئىلتىپات نەزىرىنى ماڭا ئوخشاش بىر پېقىر تارتقان ئەمەسمۇ؟)

ئاندىن ئولدى بۇ قەدەر ئىززەت ماڭا،
باشىم ئۈزرە بۇ ئەپسەرى رىبئەت ماڭا.

(سۇلايمان تەرىپىدىن مۇشۇنداق ئىززەت قىلىنىپ، بېشىمغا بۇ ئالىي تاج كىيدۈرۈلگەن.)
يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:
يول جاپالىق، مەن ئاجىز، پادىشاھ سۇمۇرغقا قاراپ يۈرەلمەيمەن.
ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:
ئەي يولغا ئاتلانغۇچى، بىلمەيسەنكى، بۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن جاندىن كەچمەك ۋە ئۆز ۋۇجۇدىنى يوقاتماق ئەسلىي مەقسەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا راھەت يوقتۇر.
يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:
مەن شۇنداق بىر قۇشكى، گۇناھ دېڭىزى، جىنايەت

دەرياسىغا غەرق بولغان.

پاك ۋەسلىگە كىرەكتۇر پاكلىغ،
يوقكى لەۋسى جۇرم ئىلاجى پاكلىغ.

(ئۈمىد - ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن پاك بولۇش كېرەك. ئەگەر مۇنداق بولمىسا، گۇناھ - نومۇسسىزلىقلار بىلەن تۇرۇپ، پاك ئۈمىد - ئارزۇ، مەقسەتكە يېتىشكە بولمايدۇ.)

لەھۋە، ئىسيان بىرلە ئۆتتى ئۆمۈر، ھېچ ئىش قىلمادىم،
ئوت چۈشەر جانىمغا زىكرى پەسلى ئەييام ئەيلىگەچ.

(بىھۇدە مەنىسىزلىك، گۇناھلار بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى، ھېچقانداق ياخشى ئىش قىلمىدىم. ھاياتتىن ئايرىلىش (ئۆلۈم) كۈنلىرىنى يادىمغا كەلتۈرسەم، جېنىمغا بىر ئوت تۇتىشىدۇ.)

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

بىلمەسسەنكى، كىشىنىڭ ئۆمرى مەڭگۈ ئەمەستۇر. جاھان ۋاپاسىز. جاھان زىرائەتگاھىدىن باش تارتقان ھەر قانداق بىر باشاقتا ئاخىرى ئەجەل ئورغىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكانىيەت يوقتۇر. گۇناھلارنىڭ ئىس - تۈتۈنلىرىدىن باتىن (قەلب) ئەينىكى قارىيىپ، ئىسلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھالىغا ۋاي. دۇنيادىن كېتىش كۆز ئالدىدا تۇرۇپ، تەبەسسۇمى بىلەن قەلب ئەينىكىنى ئېرتمىغاي. «گۇناھلىرىدىن تەۋۋا قىلغان ئادەم زادى گۇناھ قىلمىغان ئادەمگە ئوخشاش» دېگەن ھېكمەتنىڭ ھۆكۈمىگە ئاساسەن، تەۋبىنىڭ ئۈچقۇنى - شولىسى بىلەن گۇناھنىڭ ئەخلەت - چاۋالىرىنى كۆيدۈرۈپ

يوق قىلىش لازىم. تائەت يولىنى تۇزۇش، غەپلەت (نادانلىق) قۇدۇقىغا چۈشمەسلىك لازىم. دوزاخ ئوتىدىن ساقلىنىشتا، ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇپ، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشتىن باشقا پەردە يوق.

هوللەئى تائەت ئىتەر دوزاخ ئوتى دەپئى،
يوق ئەرسە ئول هارارەتكە نە كاناپ كىپەنىڭ گەرچە كاتاندۇر.

(تائەتنىڭ پەردىسى دوزاخ ئوتىنى توسالايدۇ، ئەگەر تائەتنىڭ پەردىسى بولمىسا، دوزاختىن سىنى يۆگەپ كۆمگەن كاناپ كېپىنىڭ توسۇپ قالالمايدۇ.)

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:

بىردەممۇ شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكرىدىن خالىي بولالمايمەن.

باشىمغە ھەر لەھزە سالۇر يۈز خىيال،
كىم ئىمەس ئاندىن قۇتۇلماق ئېھتىمال.

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

ئەي پەسكەش نەپسگە بويسۇنغۇچى، يامان نەپسگە مەھكۇم بولغۇچى. بىلىشىڭ كېرەككى، سىنى مۇنداق يولغا گىرىپتار قىلغان نەپسىڭنىڭ ساڭا ئۈستۈنلۈك قىلغانلىقىدۇر. ئۇ، تۈرلۈك جىسمانىي ئوي ـ پىكىر ۋە شەيتانىي خىياللارنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىكى يامان ئەخلاق — شەيتاننىڭ ئۆزىدۇر. مۇنداق نىجىسلاردىن سىنى كۈچلۈك تۇۋۋا قىلىش بىلەن كامىل ئۇستاز ـ رەھبەر تازىلايدۇ، مەقسىتىڭگە يەتكۈزىدۇ.

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:

دېدى: بىر سائىلكى ئەي پەررۇخ جامال،
كۆڭلۈ مەبھەد مۇھەببەت سالدى مال.

(يەنە بىر سورىغۇچى شۇنداق دېدى: ئەي مۇبارەك جامالىلىق زات، مال ـ مۈلۈك كۆڭلۈمگە چەكسىز مۇھەببەت سالدى. مەن شۇنداق ھېرىس ‹تويماس، ئاچ كۆز› كى، پۇلسىز بىر نەپەس چىداپ تۇرۇشقا تاقىتىم يوقتۇر.)

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

ئەي يولدىن ئازغانلار ۋە ئۆزىنى بىلمەس، تويماس ئاچ كۆزلەر! بۇ شەرمىلىكتۇركى، مال ـ مۈلۈك بالايىئاپەت مايىسىلىرى ئۈستىگە چۈشكەن بىر شەبنەمدۇر، ئۇنىڭغا تەلەپكارلىق بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت قويغۇچى ۋاپاسىزلارغا ئەگەشكەن، زاۋالغا يۈزلەنگەنلەردۇر. مۇنداق ئاساسسىز مال ـ مۈلۈككە كۆز تىكمەسلىك لازىم.

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:

ئەي ئالىي پەرۋازلىق يولباشچى، مېنىڭ ماكانىم بېھىشكە ئوخشاش بىر جايدۇر. بۇ خۇشال ماكاننى تاشلاپ، سۇمۇرغنى ئىزدەپ سەپەر قىلىشىم راۋا بولغايمۇ؟

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

ئەي يولنى بىلمەي سەپەر قىلغۇچى، بىلمەيسەنكى، ۋاپا گۈلىنىڭ پۇرىقى جاھان چىمەنزارىدىن تېپىلىشى مەلۇم ئەمەس، دۇنيادا مەڭگۈ قېلىش ھېدى بىلىنمەس، جاھان باغچىسىدىن ئامانلىق پۇرىقى پۇرىمايدۇ. مۇنداق رەھىمسىزلەرگە كۆڭۈل بەرمەك نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق ۋە

ئېمىدىگەن بىپەملىكتۇر!

دەھرنىڭ بىگانە ۋەش زالىغا بولما ئاشنا،
كىم سېنى تائاشنا ئەتتى ئۆزى بىگانىدۇر.

(جاھاننىڭ يات قىرى ئالدامچىسىغا دوست بولما، ئۇ سېنى ئۆزىگە دوست ـ ئاشنا قىلىۋالغان بىلەن ئۆزى ھامان ساڭا يات ئەمەسمۇ؟)

يەنە بىر قۇشنىڭ سوئالى:

مەن شۇنداق ئاشىقكى، كۆڭلۈمنى ئۆزىگە تارتقان سۆيگىنىمنىڭ ناز ـ جىلۋە بىلەن قاراپ قويۇشلىرىدىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق.

ئايرىلالماسمەن ئاندىن بىر زامان،
ئاندىن ئايرىلماق ھامان، ئۆلمەك ھامان.

ھۆپۈپنىڭ جاۋابى:

مەجازى (شەكلى) ئاشىقنىڭ ئاشىقلىقى ئاساسسىزدۇر. يالغان مەھبۇبنىڭ گۈزەل ھۆسنى قان ۋە بەلغەم تەسىرىدۇر. مۇنداق ھۆسن ـ جامال ئاخىرى ۋەيراندۇر. مۇنداق مەھبۇب (گۈزەل) نىڭ ۋاپاسى ھەم مەڭگۈلۈكى يوق. شۇڭا، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇش ئەرزىمەيدۇ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش ئاخىرقى رەسۋالىققا ئېلىپ بارىدۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## رىيائى خىرقەپۇشلار[1] مەسلىكى ھەققىدە

ساختا ـ يالغان، مەككار سوپى ـ ئىشانلار ئاۋام (خەلق) نى ئالداش ۋە ئازدۇرۇش ئۈچۈن كىيىۋالغان جەندە (ئۈزۈن، كەڭ تون) لىرىنى تەقۋادارلىقنىڭ ھەقىقىي كىيىمى دەپ ئاتايدۇ. خەلققە تەلىم بېرىدىغان مائارىپ (تەلىمات) سەپسەتىلىرىنى تاشلاپ ھەقىقەت شارابىنى ئىچىش لازىم، دەپ نەيرەڭۋازلىق قىلىدۇ. مۇنداق سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ۋۇجۇدى يوقلۇق، ئىلكى كۆچىدىن چاك ـ چاك بولۇپ يىرىلغان، ئۇلار «مەسىھ»[2] گە ئوخشاش جان بەخش ئېتىدىغان سۆز (نەيرەڭ) لىرىنى مۇقەددەس روھ كەبى پاك، دەپ ئېيتىشىدۇ. ئۆزىنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان ئورۇنلىرىنى ئاسمان تەبىقىلىرىنىڭ كەڭ مەيدانى (ئاسمان تەبىقىلىرىنىڭ ئىچكى سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇم) دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

ئەي بولۇبان سەنئەت ئىلە خىرقە پۇش،
شامۇ سەھەر زىكىر ئىلە سالىب خۇرۇش.
خىرقە ئۇزە نىچەكى ھەزىيان چېكىپ،
زۇھرى رىيا[3] ۋەسلەلىرىدىن تىكىپ.

---

[1] خىرقەپۇش ـــ ئۆز شەكلىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ، جەندە كىيىۋالغان سوپى ـ ئىشانلار.

[2] مەسىھ ـــ ئەيسا پەيغەمبەر.

[3] زۇھرى رىيا ـ ھىلە بىلەن ئۆزىنى پەرھىزكار، دۇنيادىن كەچكەن قىلىپ كۆرسەتكۈچى.

(ھەي ساختا ـ ھىيلە بىلەن سوپىلىق ـ ئىشانلىق جەندىسىنى كىيگۈچى ۋە كېچىلەردە، سەھەرلەردە زىكرى ئېيتىمەن دەپ غوۋغا سالغۇچى، رىيا جەندىسىنىڭ ئۈستىگە بىر قانچىلىغان ساختا، بىھۇدە نەيرەڭ شېئىرلارنى، ئاللا قوراقلارنى ئېسىۋالغۇچى، ساختا تەقۋادارلىق ۋاستىلىرىنى بېكىتىۋالغۇچى.) سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھاسا تۇتۇۋېلىشى ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىپ، قەددىنى ئېگىۋېلىش ئۈچۈندۇر. بېشىغا رىيدا (پەردە) ئورىۋېلىشى — رەزىل، ھىيلىگەرلىك بىلەن پىكىر قىلىش ئۈچۈندۇر.

سوپى ئىشانلار مەككارلىق، ھەييارلىق پەندە ناھايىتى ماھىر. قىلمىشلىرىدىن ھىيلە ـ نەيرەڭ ئاشكارا زاھىردۇر. ئۇلار جادۇگەرلىك پەندە شۇنداق ئۈستىكى، سامىرى[1] نىڭ جادۇگەرلىك قولى ئۇلار ئالدىدا پالەچ. نەيرەڭۋازلىق قىلمىشلىرى ئالدىدا ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭگە تولغان ئىبلىس (شەيتان) زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورىۋالغان سەللىسى خەلقنى ئازدۇرۇپ، قاپقانغا چۈشۈرىدىغان مەككارلىق تۇزىقىنىڭ ئارغامچىسىدۇر، ھىيلىگەرلىك ئارغامچىسىنىڭ يىغىندىسىدۇر. تەسۋىنىڭ يىپى ئۇنىڭ ئۇزۇن، كۆپ غەرەزلىك ئارزۇ ـ پىلانىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئول ياغاچكىم ئانى مىسۋاك ئېتىپ،
ئاغزى لۇئابى بىلەن ناپاك ئېتىپ.

(پاكىز بىر ياغاچنى مىسۋاك قىلىمەن، دەپ ئاغزىدىكى

---

[1] سامىرى — يىراق تارىختا ئۆتكەن يەھۇدىي (بەنى ئىسرائىلىيە) قوۋمىنىڭ ئىچىدىكى بىر مەككار جادۇگەر بولۇپ، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەۋرات كىتابى بويىچە بەرپا قىلغان دىنىدىن يەھۇدىيلارنى ئازدۇرۇپ، موزايغا باش ئۇرىدىغان قىلىۋەتكەن جوھۇتتۇر.

شالى بىلەن پاسكىنىلاشتۇرىدۇ.)
سوپى ـ ئىشانلار يالغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ كارامەت ساتىدۇ، يالغان نەسىھەت ـ تەلىم بېرىپ، پەرياد ـ پىغان بىلەن نەرە تارتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىن كۆڭلىنى ئۈزگەن، دېيىشلىرى يالغاندىن ئۆزىنى ئۆلگەن ئادەم كۆرسىتىپ، خەلقتىن پۇل ـ مال يىغىۋالماقچى بولغان قەلەندەرگە ئوخشاشتۇر.

ۋەھ نەپىيدى دۇركى يارەب ئات ئاڭا دەرۋىش ئىرۇر،
باتىنى زەرقۇ، رىيائو، سېھىر ـ مەكىر ئەندىش ئىرۇر.

(ئەي تەڭرى، نە دېگەن پىر (ئىشان) دۇركى، ئۇنى «دەرۋىش» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى (قەلبى) ساختا بولۇپ، ھىيلە، جادۇگەرلىك، مەككارلىقنى ئويلايدۇ.)

نە ھايا ۋە شەرم نەئانى رەسمى ئادىمى،
جاھىلۇ نادان كەجراي بىلاھەت كىش ئىرۇر.

(ئۇنىڭدا نە نومۇس، شەرم ۋە ئادەمگەرچىلىك يوسۇنى بولسۇن؟ جاھىل ۋە نادان، كاج پىكىرلىك، ئەقىلسىزلىقنى كەسىپ قىلىۋالغاندۇر.)
ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇشلىرى قەيەردىن يېمەك ـ ئىچمەك كېلەركى، دەپ ئىنتىزارلىق قىلىشتۇر؛ ھۇرۇن، هارامتاماقلىقىدىن مەئىشەتتى قىسىلىپ، ئىشان ھەلقەسىگە كېلىشنى ئىختىيار قىلغاندۇر. ئەپسۇسكى، مۇنداق تىرىكچىلىكتىن ۋە بۇ خىل ھايات تۇرغاندىن ئۆلگەن مىڭ دەرىجە خوپراقتۇر، بەلكى مەھبۇبراقتۇر.

بىرىن ئېتىپ زور ئىلە خىلۋەت نىشىن،
بىرىن ئېتىپ كۈچ بىلەن ئۆزلەت گوزىن.

(ئۇلارنىڭ بىرى زورلاپ ئۆزىنى مەخپىي جايدا تائەت قىلغۇچى قىلىۋالىدۇ، يەنە بىرى كۈچەپ ئۆزىنى ئېتىكاپتا يوشۇرۇن ئولتۇرغۇچى قىلىۋالىدۇ.)

ئۆز ئارىلىرىدا بىرىنى «رىيازەت ـ مۇشەققەتكە چىداپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچى» دېيىشىۋالىدۇ، بىراۋلىرى ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ساختا تائەت ـ ئىبادەتلىرىنى باشقىلارغا سۆزلەپ «كارامەتلىك» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەيرەڭۋازلىق قىلىپ خەلقتىن يوشۇرۇنۇپ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشلىرى ۋە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قوينىغا قاراپ ئولتۇرۇشى شۇنىڭغا ئوخشاشكى:

رىيائى شەيخ باشىن يەر قويى سالغاچ دېمە ئارىپ،
زەغەل قىلغاي قاناتى ئىچرە باش سالىپ ئايان ئۇيقۇ.

(رىياكار ـ ساختىپەز سوپى ـ ئىشاننىڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇشىنى كۆرۈپ، بۇ زات «ئارىپ» (ئەۋلىيا) ئىكەن دېمە، قاغا بېشىنى قانىتى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئۇخلايدۇ ئەمەسمۇ؟)

ھىيلە ـ نەيرەڭ ھاسىسىنى يەرگە قويمايدۇ، ئۆز تەبئىتىدىكى خەسىسلىك ـ بېخىللىق جەھەتتىن تەمەلەززىتىنى تاشلىمايدۇ، يۈزىنى سېرىق كۆرسىتىشى ــ ئۆزىنى رىيازەتلىك زاھىد (تەركىدۇنيا) قىلىپ كۆرسىتىشكە ۋاستىدۇر. بۇلارنىڭ دىللىرى ھەقىقەت نۇرىدىن خالىي ۋە مەرىپەت يورۇقىدىن نېسىۋىسىزدۇر. ئىنتايىن كىبىردار ۋە

مەغرۇرلۇقىدىن سەن ئۇنىڭغا سالام قىلساڭ، سالامىڭغا جاۋاب ئاۋازىنى چىقارمايدۇ. تەڭرى پاناھ بەرسۇن، ئۇلارنىڭ يۈزىنى ياساپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى تاراپ، يول يۈرگەندە مېڭىشىنى تۈزىمەكلىرىدىن، پۈتىنى ئەگرى قىلىپ قەدەم بېسىشلىرىدىن! بىرەر غەرەز - مەنپەئىتىنى ئويلىماي قەدەم باسمايدۇ، شەخسىي غەرەزسىز بىر سائەت يول يۈرگەنلىكىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

## ساخاۋەت[1] ھەققىدە

ساخاۋەت ـــ رەھمەت دەرىخىنىڭ ياپرىقىدۇر. كىشىنىڭ قەلبى ساخاۋەتتىن خالىي بولسا، ئۇ، چەكسىز بالا بولىدۇ. ئىسراپچىلىق ـــ ئاپەتتۇر.

تەڭرىنىڭ بىر سۈپىتى سېخىيلىقتۇر. ساخاۋەت ـــ مەڭگۈ بەخت - سائادەتتۇر. خەسىسلىق يامان ئەخلاقتۇر، بۇنى تاشلاش كېرەك. سېخىيلىق كىشىنى ئەسلىي مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا ئىسراپچىلىقتىن ھەم ئېھتىيات قىلىش كېرەك. تەڭرى ئۆز سۆزىدە: «يەڭلار! ئىچىڭلار! ئىسراپ قىلماڭلار!» دەيدۇ.

بىلگىنكى، خەير - ساخاۋەت قىلىشقا قانداق كىشى ھەقلىق، كۈمۈش (پۇل) نى ئېلىشقا قانداق كىشى ھەقلىق؟ نام - ئابرۇي، ئىپتىخار قازىنىش ئۈچۈن ساخاۋەت قىلىش شۇنداق ھەرىكەتتۇركى، ئەقلىدىن ئايرىلغان ساراڭلار ۋە ھوشى يوق ئادەمدىن باشقا ئادەم بۇ ئىشنى قىلمايدۇ. بۇنداق نام - ئابرۇي ئۈچۈن قىلىنغان خەير - ساخاۋەتتىن بېخىللىق،

[1] ساخاۋەت ـــ سېخىيلىق، يوقسۇللارغا ماددىي ياردەم كۆرسىتىش.

خەسىسلىق مىڭ ھەسسە ياخشىراقتۇر.

خەير - ساخاۋەت ئۇسۇلى شۇدۇركى، ساخاۋەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قىلغان ساخاۋىتىدىن سۆزلىمەسلىكى كېرەك. خەلققە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھۆرمەت، گۈزەللىكى شۇدۇركى، ياخشىلىق قىلغۇچى قىلغان ياخشىلىقى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقى كېرەك. خەير - ساخاۋەتتە ئۆز چېكىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. خەير - ساخاۋەتتە بەزىلەر:

يايار ئاڭا سۇپرەكى ئول ئاچ ئىماس،
بېرۇر ئاڭا تون كى يالاڭاچ ئىماس.

(قورسىقى توقلارغا داستىخان سالىدۇ، كىيىملىرى بارلارغا تون كىيدۈرىدۇ). يۈزلەپ يىلقىلىرى بارلارغا ئات مىندۈرىدۇ، يۈزلەپ خەزىنىسى بارلارغا كۈمۈش (پۇل) بېرىدۇ. مۇنداق سېخىيلىق ئېتىبارغا يارىمايدۇ، مۇنداق خەير - ساخاۋەت قىلىش ئەقىلدىن تاشقىرىدۇر.

بېخىللىق - خەسىسلىك شۇنداق نەرسىدۇركى، ئۇ بەزى ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى - تەبىئىتى، زاتىغا تاشقا نەقىش ئويغاندەك ئورناپ كەتكەن. ئۇنى ئويۇپ چىقىرىۋېتىش تاش ياسىغۇچى تاشچىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەنمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. بېخىلنىڭ كۆز چانىقى گۆرنىڭ توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ.

خۇشاللىق ئازادە - مەرد ئادەملەرگە مەنسۇپ بولىدۇكى، جاھاننىڭ خەزىنە، مال - مۈلكى بۇلارنىڭ ئالدىدا ئەڭ كىچىك زەررىچە كۆرۈنمەيدۇ، مال - مۈلۈك بۇلارنىڭ كۆزىدە بىر تامچە سۇدۇر.

بۇ ھەقتە بىر ھېكايە: يەمەننىڭ تەي قەبىلىسىدىن



www.uyghurkitap.com

بولغان ھاتەم غەيرەت ۋە ساخاۋەت ئەھلىگە پېشۋا ئىدى. ئۇنىڭ خەلقنى مېھمان قىلىشتەك ئۇلۇغ خۇسۇسىيىتىگە باش ئەگمىگەن گادايمۇ ئۇنىڭ ھىممەت ـ غەيرىتىنى كۆرۈپ ئىنساپ تەسلىم بولاتتى.

بىر كۈنى ھاتەمگە بىر كىشى يولۇقۇپ: «ئەي ھاتەم، سېنىڭ ئازادىلىكىڭ ۋە سېخىيلىقىڭ ھەممىگە مەلۇمدۇر. ئۆزۈڭگە ئوخشاش ھىممەتلىك ـ غەيرەتلىك، سېخىي كىشىنى ئۇچراتتىڭمۇ؟» دېدى. ھاتەم ئېيتتى: «بىر كۈنى بىر ئاممىۋى زىياپەت تەييارلىغان ئىدىم. زىياپەت مەركىسىنى تۈزدۈم. يۈزلەپ تۆگە ۋە ساناقسىز قوي ـ قوزىلار سويۇلغان ئىدى. خەلق كېلىپ زىياپەتكە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەككە مەشغۇل بولۇشتى. كۆڭلۈمگە سەھرا ـ باياۋان تەرەپكە بېرىپ تاماشا قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاچاي، دېگەن ئوي كەلدى. سەھرا تەرەپكە ماڭدىم. ئالدىمغا قېرىغان ۋە ئاجىزلىقتىن قەددى ـ قامىتى ئېگىلگەن بىر بوۋاي يولۇقتى. ئارانلا مېڭىپ ھاسىغا تايىنىپ كېتىپ باراتتى ۋە بىر قۇچاق يانتاقنىمۇ يۈدۈۋالغان ئىدى. مەن بوۋايغا قاراپ ئېيتتىم: ‹ئەي ئاجىز، بىچارە ۋە ئەي دەردلىك ئاۋارە! بۈگۈن ھاتەم ئاممىۋى زىياپەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ئۇ زىياپەتتە گادايلار تويماقتا، ھەتتا بايلارمۇ زىياپەت داستىخىنىدا ئولتۇرماقتا.›

سالدى ئول ئەمگەك ئوتى كۆڭلۈمگە تاب،
لۇتىپ ـ تەرەھھۇم بىرلە قىلدىم مەن خىتاب.

(سېنىڭ جاپا تارتقانلىقىڭ كۆڭلۈمگە ئوت سالدى، رەھىم ـ شەپقەت بىلەن بۇ سۆزلەرنى ساڭا سۆزلىدىم.)

تاشلا تىكەن، گۇلشەنى ئىززەتكە يەتە،
چەكمە مۇشەققەت كۆپ، دەۋەتكە يەت.

(ئەي بوۋاي، كۆتۈرۈۋالغان يانتاقنى تاشلا، ئىززەت گۇلباغچىسىغا بار! مۇشەققەتنى كۆپ چەكمە، زىياپەتكە بار!)
بوۋاي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۇلدى ۋە مۇنداق دېدى:

ئەي سالبان ھىرىس ئاياغىڭغا بەند،
ئازى تەمە بويىنۇڭغا باغلار كەمەند.
سەن داغى چەككىل بۇ تىكەن مېھنەتىن،
تارتما غىل ھاتەم تەي مىننەتىن.

ھىممەت ئەگەر بولسا سەبۇرى ساڭا،
بەنەدۇر ھاتەم تەي ساڭا.
ساقى ئاياغ تۇت كىرەم ئىزھار قىل،
پەزلىنى ھاتەمگە نەمۇدار قىل.

(سېنىڭ ئايىغىڭغا ئاچ كۆزلۈك ـ تويماسلىق كىشەن ساپتۇ. تەمە ـ ئاززۇ بويىنۇڭغا سالغۇ ساپتۇ. سەنمۇ ماڭا ئوخشاش يانتاق كۆتۈرۈش مېھنىتى تارتقىل، ھاتەمنىڭ مىننىتىنى تارتمىغىل. ئەي سەبۇرى، ئەگەر سەندە ھىممەت ـ غەيرەت بولىدىغانلا بولسا، ھاتەم سېنىڭ بىر قۇلۇڭ بولىدۇ. ئەي ساقىي، ساخاۋىتىڭنى ئاشكارا قىلىپ قەدەھ سۇنغىل، ساخاۋەتنى ھاتەمگە كۆرسەتكىل).»

## ئەدەپ ھەققىدە

ئەدەپ ـ كىچىكلەرگە بەخت ـ سائادەتكە سەۋەبچىدۇر، ئۇلۇغ كىشىلەرگە يۈقىرى مەرتىۋىلىك بولۇشقا سەۋەبتۇر. تەۋازۇ (كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق) سۈپىتىدە ئېيتىلغان، كەمتەرلىك بىلەن قەددى ـ قامىتىنى «دال» (د) ھەرپ شەكىللىك ئەگكەن كىشى قەدىمىنى دۆلەت ئىشىغا قويار ۋە ھايا زىياسى (نۇرى) تەرىپىدە ئېيتىلغانكى، كىمكى ھايا نۇرى ئېقىمىغا كىرسە، ئۇنىڭ بېشىغا رەھمەت يامغۇرى ياغقاي.

ئەي تەلەپ ئۆيىدە نەشەسىت ئەيلاگەن،
قەددىنى خىزمەت يۈكى پەست ئەيلاگەن.

(ئەي تەلەپ ـ مەقسەت ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، قەددى ـ قامىتىنى خىزمەت يۈكى ئەگكەن.)

ئاچ كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، ھاۋايى ـ ھەۋەس غورۇرى ۋە ھىيلە ـ مىكىرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، ئەدەپ ـ يوسۇننى تۇتۇش ــــ ياخشىلىق، ئىمتىياز، بەخت ـ سائادەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى ۋە مەڭگۈ دۆلەت (ئىززەت ـ ئابرۇي) باغچىسى گۈلىنىڭ غۇنچىسىدۇر، شۇنداقلا ئالىي مەرتىۋىنىڭ سەۋەبىدۇر...

كوركى تەۋازۇغا، زەم ئولدى ھىلال،
بولدى پۈرۈنراق ئاڭا ھەر تۈن كامال.

(يېڭى چىققان ئوغاق شەكىللىك ئاينى كۆرمەمسەن؟ يېرىملىق، كەمتەرلىك بىلەن چىقىپ، نۇرى كېچىكىپ، ئالەمنى يورۇتىدىغان تولۇن ئاي بولمىدىمۇ؟)
سەندىن مەرتىۋىسى تۆۋەن كىشىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭغا ئەدەپ - ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىل. كەمتەرلىك بارلىق ئادەمگە ياخشى ۋە ھەممە ئادەمگە رىغبەتلىك، ئەمما يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ كەمتەر بولۇشى تېخىمۇ ياخشىدۇر...
ئەدەپتىن دوستلۇق باغچىسى تۈزۈلىدۇ، مۇھەببەت بوستانىنىڭ گۈللىرى ئېچىلىدۇ.

دانە يەپ ھاسىل ئېتىپ پەزلى، نېجىس ئەيلە مەگەي،
باغ سەھنىنى رىئايەت قىلىبان تەركى ئەدەپ.

(ئەدەپسىزلەر ئوزۇقلىنىپ بولۇپ، باغ سەھنىسىگە تەرەت قىلىپ پاسكىنىلاشتۇرمىغاي، ئەدەپكە رىئايە قىلغاي.)
دوستلۇق زىنىنتى نومۇستىن، مەھبۇبلۇق نازاكىتىنىڭ راۋاج تېپىشى ئەدەپتىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.
بىلىش كېرەككى، ئۆمۈرنىڭ پۇرسىتى ئازدۇر، كىشى ھاياتىنىڭ مەنپەئەتلىك ۋاقتى تېخىمۇ ئازدۇر. ئۆلۈم زەھرى ئۇلۇغ قەھرىماندۇركى، ئەجەل قوماندانى ئۇنىڭدىنمۇ مۇستەھكەمرەكتۇر. ئۆلۈم قەھرىمانى ۋە ئەجەل قوماندانىدىن ۋاپا، مېھىر - شەپقەت كۈتۈشكە بولمايدۇ. ھاياتنىڭ شېرىن شەربىتى ئۆلۈم نەشتىرى بىلەن تۈكۈلىدۇ، ئۆمۈر گۈلباغچىسى ئەجەل تىكىنى بىلەن ئالمىشىدۇ، دۇنيادىن كېتىش خەۋىرى يېتىدۇ، ھايات مەنزىلىدىن كۆچۈش مۇزىكىسى چېلىنىدۇ، بۇ ھالدا ئۈمىدسىزلىك، پۇشايمان يۈز بېرىدۇ. ھەسرەت چېكىشتىن پايدا كەلمەيدۇ. ئۇلۇغ ئالىم، شائىر نەۋائىي

ئېيتىدۇ:

ئەيش ناۋايى نىچە، دىلكەش دۇرۇر،
لىك ئەدەپ بىرلە هايا خۇش دۇرۇر.

(ئەي نەۋائىي، ئەيش ـ ئىشرەت سۇرۇش كىشىنىڭ كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرىدۇ، لېكىن، بارلىق ئىشتا ئەدەپ بىرلە هايا ياخشىدۇر.)

## قانائەت هەققىدە

قانائەتلىك ئادەمنىڭ كۆزىدە قان دولقۇنلىسىمۇ، ئىززىتى بار. تەمەخور ئادەم ئالتۇن تەخت ئۈستىدە راهەتلىنىپ ئولتۇرسا، خارلىقى بار.

كىمكى ئىش بولسا قانائەت پەنى،
بىلكى ئۇنى قىلدى قانائەت غېنى.

(كىمكى قانائەتچانلىقنى ئۆزىگە كەسىپ قىلسا، بىلىش كېرەككى، ئۇنى قانائەت باي قىلىدۇ.)

كونىجى تەهەممۇلىنى غېنا بىلمەگىل،
بەلكى غېنا كونىجى قانائەتتىن بىل.

(يوقسۇللۇق، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، بۇلۇڭدا ئولتۇرۇشنى «بايلىق» دەپ بىلمە، بەلكى يوقسۇللۇق، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداشنى ۋە باي بولساڭمۇ

ئاچ كۆز، تويماس بولماي، قانائەتچان بولۇشنى بايلىق دەپ بىل.)

نەقدى قانائەتكە چۈيۈقتۇر فانا،
جەھد ئەت ۋە بۇ نەقد ئىلە تاپقىل غىنا.

(قانائەتچانلىقنىڭ خەزىنىسى يوقالمايدۇ - تۈگىمەيدۇ. تىرىشىپ قانائەت خەزىنىسى بىلەن بايلىق تاپ.)

قانائەتچان كەمبەغەل يۇقىرى مەنسەپلىك ئاچ كۆز - تەمەخوردىن ئۇستۇندۇر، تەمەسىز گاداي سۇلتان (پادىشاھ) لىق مەرتىۋىسىگە لايىق.

پادىشاھلىق قائىدىسى ۋە ئالىي مەنسەپدارلىق يوسۇنى تەمەخورلۇق بولماسلىقى ۋە قانائەت يولىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

شاھ ئەمەس ئۇلكى باشىغا قويدى تاج،
شاھ ئانى بىلكىم يوق ئاڭا ئېھتىياج.

(بېشىغا تاج كىيگۈچى پادىشاھ ئەمەس، بەلكى تاجغا ئېھتىياجى يوق كىشى پادىشاھدۇر.)

ھەر جىنس ئادەملەر جاھانغا كەلگەن ۋە ھايات مەھەللىسىدە ھەرخىل ماكان تۇتقان ئىكەن، ئەمگەك قىلىشى، پېشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ رىزىق ھاسىل قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە تەڭرى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ۋە بارلىق ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇكى، «ئۆز قولۇڭ بىلەن ئەمگەك قىلىپ، پېشانەڭدىن تەر ئاققۇزۇپ ئوزۇق يېگىن ۋە دىنىڭنى باھانە قىلىپ ئوزۇقلانما.» كەسىپ يولىنى تۇتماق ۋە كەسىپ

قىلغۇچى بولۇش بىلەن كۆڭلىنى خۇشاللاندۇرۇش ۋاجىپتۇر.
دانا ئۇلۇغلار قانائەتنى تاللاپ قوبۇل قىلغان. قانائەت ـ جاھانغا پادىشاھ بولغان سۇلايماننىڭ دۆلىتىدىنمۇ بۇيۇكتۇر.
تەڭرى بەش ئىشنى بەش ئىش ئۇستىگە قويۇپتۇ: تائەتكە ئىززەت، گۇناھقا خارلىق، يوقسۇللۇققا ئىلىم ـ ھېكمەت، ئاز ئۇخلاشقا ھەيۋەت، قانائەتكە تايانچلىق ۋە ئۇلۇغلۇقنى بېغىشلاپتۇ.

تاپسا قانائەت سارى ھەر كىمسە يول،
شاھ بۇ تەقدىر ئىلە بولغاي ئول.

(كىمكى قانائەتچان بولسا، ئۇ پادىشاھدۇر.)
قانائەت شۇنداق بۇلاقكى، سۇيىنى تارتقان بىلەن تۈگىمەيدۇ؛ قانائەت خەزىنىدۇركى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال ـ مۈلۈكنى ئالغان بىلەن ئۆكسۈمەيدۇ (ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ). قانائەت يوقالمايدىغان خەزىنىدۇر.

تاغ كەبى تارت قانائەت ئىتەكى ئىچرە ئاياغ،
دەۋر پەلەكىدىن ساڭا بىر قۇرس ئەگەر شام يېتەر.

(قانائەتچانلىقنىڭ پېشىنى تاغقا ئوخشاش مۇستەھكەم تۇتساڭ، ساڭا پەلەكتىن، زاماندىن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر توقاچ تەگسىمۇ يېتىدۇ.)
بايلىق ــــ قانائەتچانلىقتۇركى، مال ـ مۈلۈك توپلاش ئەمەس. مۇھەممەد پەيغەمبەر ئېيتىدۇ: «بايلىق ــــ قەلبنىڭ بايلىقىدۇر. مال ـ مۈلۈك يىغىش بايلىق ئەمەس»، «ھېچقانداق ئادەم ئۆز قولى بىلەن ئەمگەك قىلىپ يېگەن

تاماقتىن ياخشى تاماقنى ھەرگىز يېيەلمەيدۇ.»

قانائەت شۇنداق گۈلدۈركى، تەنتەنە - ھەشەمەت، كىبىرنىڭ زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشىدىن پاك، جاھاننىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن خالىيدۇر. ئىنساننىڭ مۇكەممەللىشىشى، ئۇلۇغلۇققا ئېرىششى بۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ.

تەڭرىدىن ئېزىزلىق تىلەسەڭ ئېلىدىن ئۈز تەمە،
كىم خەلقنىڭ ئېزىزى دېدى «ئەززە - مەن قەنە».

(تەڭرىدىن ئىززەت تەلەپ قىلساڭ، كىشىلەردىن تەمە قىلىشنى ئۈز، چۈنكى، ئۇلۇغلار: «كىمكى قانائەت قىلسا ئەزىز بولىدۇ» دېگەن ئىدى.)

قانائەتچان يوقسۇلنىڭ قۇرۇق ئۆتۈشى تەمەخور پادىشاھنىڭ داستىخىنىدا تاماق يېيىشىدىن ياخشىراقتۇر. سەرمايىسى يوق يوقسۇللارنىڭ يېگەن تامىقى تەمەخور پادىشاھنىڭ تامىقىدىن لەززەتلىكرەك.

كىمكى ئىرۇر مەخزەنى قارۇن[1] ئانىڭ،
مۈلكى جەم، تاجى فەرىدۇن ئانىڭ.

(قارۇنغا ئوخشاش خەزىنىسى، جەمشىتتەك مەملىكىتى، فەرىدۇندەك تاجۇ تەختى بولسىمۇ)

---

① قارۇن - تارىختا ئۆتكەن ئىسرائىلىيە قوۋمىدىن بىر شەخس بولۇپ، شۇ زاماندا دۇنيادا تەڭدىشى يوق باي بولغان ئىكەن، پىخسىقلىقتىن ئۆزى ئارپا نېنىنى يەيدىكەن. ئۇ خەسىس - بېخىلنىڭ ئوبرازىدۇر.

پەزلى دىيىبان گەنج ئىشگىن ئاچمىسا،
فائىدە سىزدۇر گۆھەر ساچمىسا.

(يوقسۇللارغا، خەلققە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمىسا، خەلققە گۆھەر چېچىپ مەنپەئەت يەتكۈزمىسە، مۇنداق بايلىق، خەزىنە پايدىسىزدۇر.)

بايلىق ئۆز ئورنىدا ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىلگەي:

پەزىل ھايۋان ۋەشىلەر ئىلكىدىن تەمە قىلغاي كۆڭۈل،
ئويلەدۇركىم ئاززۇ قىلغاي بۇ خاشاخدا گۈل.

(ھايۋان سۈپەت شەخسلەر قولىدىن ياخشىلىق تەمە قىلىش بۇغا مۇڭگۈزىدە گۈل ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلغانغا ئوخشاشتۇر.)

قايسى سەرۋە چىمەندە جىلۋە قىلسا، چاپسان يىقىلماي قالمايدۇ. ئۆلۈم غۇلغۇلىسى يېتىپ كەلسە، ئۈمىدسىزلىك ئاھۇ ھەسرىتى پەلەك يۈزىنى قاراڭغۇ ۋە جاھان سەھىپىسىنى تۇمانلاشتۇرىدۇ، پۇشايمان پايدا قىلمايدۇ. ئەجەل قارچىغىسى كۈچلۈك چاڭگىلىنى ئۆمۈر ئېتىكىگە ئۇرىدۇ، شەپقەتسىزلىك تىرناقلىرىنى ھايات ياقىسىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ ھالدا پۇشايمان پايدىسىزدۇر. ئەپسۇسلىنىش، قايغۇ - ھەسرەت ئەسقاتمايدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، قانائەت تەرىپىگە يۈرۈش بىلەن كۆڭۈلنى تىنچىتىش؛ تۈرلۈك ئارزۇ - ھەۋەس، تەمەنىڭ ھالقىسىدىن يىراق بولۇش لازىم.

ئىززەت تىلىسەڭ ئەيلە قانائەت تەمە،
مەسنىدى ئىززەت ئۆزرەدۇر، «مەن قەنە».

(ئەزىزلىك، ھۆرمەت تىلىسەڭ، قانائەتچانلىقنى ئۈمىد قىل. كىمكى قانائەت قىلسا، ئىززەت ـ ھۆرمەت تەختىگە ئولتۇرىدۇ).

قانائەتچان مەرد يىگىت بىلەن تەمەخور جاھان كەزگۈچىنىڭ ھەمسەپەرلىك ھېكايىسى:

ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ راھەت ـ پاراغەت ئوتىدىن خارلىق جەبىر ـ جاپاسىغا دۇچار بولغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ قانائەتچانلىق جاپاسىنى چەككەنلىكى ئۈچۈن، راھەت ـ پاراغەت خەزىنىسىگە يېتىشكەنلىكى.

پارس (ئىران) مەملىكىتى ئاھالىلىرىدىن ئىككى كىشى ھەمراھ بولۇپ، چىن تەرەپكە قاراپ سەپەر قىپتۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئۆز قىسمىتىگە قانائەت قىلاتتى. يەنە بىرى ئۆز قىسمىتىگە رازى بولمايدىغان، ئارتۇق تاپىمەن دەيدىغان تەمەخور ئىدى. بۇلار چۆل ـ باياۋان، تاغ ـ دەشتلەرنى كېسىپ يول يۈرۈپ، ئاخىرى چوڭ بىر تاشنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ تاشنىڭ يېرىمى يەردىن چىقىپ تۇرىدىكەن، يېرىمى يەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، يەردىن چىقىپ تۇرغان يېرىمىغا ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ مۇنداق سۆزلەر يېزىپ قويۇلغان ئىكەن: كىمكى بۇ تاشنى يەنە بىر تەرەپكە ئاغدۇرسا، تاشنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىر قەدىمكى سۆز يېزىقلىق: «بۇ ناھىيە ئەتراپىدا بىر ۋەيرانە بار، ئۇنىڭ ئاستىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ خەزىنە بار. بۇ خەزىنىنى كۆپ جاپا چەككەن كىشى ئالالايدۇ.» بۇ خەتنى

گۈرۈپ تەمەخورنىڭ ۋۇجۇدىغا ساراڭلارچە ھەرىكەت كىرىپتۇ ۋە بۇ سۆزنىڭ يۇرىقى ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئۆرتەپتۇ. شۇندىن باشلاپ تاشنىڭ ئاستىنى كولاشقا بەل باغلاپتۇ. يىللار داۋامىدا ئۇ تاشنىڭ ئاستىدا خار ـ زارلىق، چاڭ ـ توزانلارغا يۈزىنى تۇتۇپتۇ.

قانائەت ئول ئىشقا چۇ نەزەر ئەيلىدى،
قىلمىدى پەرۋا گۇزەر ئەيلىدى.

(قانائەتچان ئۇ تاشتىكى ئەپسانە سۆزلەرگە كۆز سېلىپ ئوقۇدى، لېكىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى.)

قانائەتچان دېدىكى: «قانائەت شۇنداق خەزىنىدۇركى، يوقالمايدۇ. قانائەت دەريادۇركى، سۈيىنى ئىچمەك بىلەن تۈگىمەيدۇ. تەڭرىگە شۈكۈر، قانائەت خەزىنىسى مېنىڭ ھەمراھىم بولدى. كۆڭلۈم خەزىنىسى قانائەت تاۋارلىرى بىلەن تولدى. قانائەت يولىنى كېزىشىم لازىم...» دەپ يۈرۈپ كەتتى. سەھەر ۋاقتى ئىدى، ئۇنىڭغا بىر شەھەر كۆرۈندى. شەھەرگە خەلقنىڭ كىرىشى ئۈچۈن كۆپ يوللار بار ئىدى. بۇ يوللاردىن ھەممىدىن بۇرۇن كىرگەن ئادەم قانائەتچان ئىدى. ئۇ دەرۋازىغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ھەر تەرەپتىن خەلق يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بۇ شەھەر ۋە بۇ مەملىكەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى شۇ ئىدىكى، ھەر قېتىم پادىشاھلىرى ۋاپات بولسا، پادىشاھنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى باشقا ئەل خەلقىدىن مەخپىي تۇتاتتى. شەھەر دەرۋازىسىدىن كىم ئالدىن كىرىپ كەلسە، پادىشاھلىق

تاجىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ، تەختتە ئولتۇرغۇزاتتى.

ئانى ھىمول رەسىم ئىلەخەيلى سىپاھ،
قىلدىلەر ئول مۇلۇك ئۆزرە شاھ.

(قانائەتچاننى يۇقىرىدىكى رەسمىيەت يوسۇنى بىلەن مەملىكەت ئەربابى ۋە ھەربىي قوشۇن ئۆز مەملىكىتىگە پادىشاھ قىلدى.)

ئەلۋەتتە، قانائەت يولىنى تۇتقان كىشى پادىشاھلىق تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرالايدۇ، ئۇنىڭغا زاۋال يەتمەيدۇ. ۋەيرانلىق ئۇنىڭ بەخت ئېتىكىگە قول يەتكۈزەلمەيدۇ.

يارىكى رەنج ئۆزىگە ئېلىپ ئىدى،
گەنج تەمەنناسىدا قىلىپ ئىدى.
رەنج بىرلە يەتتى جەۋىر ئۆز جانىغە،
تاشنى ئويۇردى يەنە بىر جانىغە.
خەتكە باقىپ كۆردى بۇ مەستۇر ئىرۇر،
خام تەمە، دەھىر ئارا رەنجۇر ئىرۇر.

ئۇ ئىككى ھەمراھىنىڭ بىرى بولغان تەمەخور ئۆز - ئۆزىگە جەبىر - جاپا تىلەپ، يەر ئاستىدىن تەييار خەزىنە تاپىمەن دەپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ جېنىغا شۇنداق جەبىر - جاپا كەلدىكى، ئۇ تاشنى كولاپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئاغدۇرغاندىن

كېيىن، تاشقا يېزىلغان مۇنداق بىر خەتنى كۆردى:

«خام تەمە جاھاندىن رەنجىيدۇ.»

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بېشىغا تۇتۇن ئۆرلىدى ۋە مېڭىسىگە ئوت تۇتاشتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولاتتى.

ئەزىزى ھەق ھەسدى دۇشمەن ئىلە خار بولماس،
ھوسۇد ھىلەسى ئىقبالىنى ئەيلەيەلمەس ئىدبار.

(تەڭرى ئەزىز قىلغان كىشىنى دۇشمەننىڭ چىدىماسلىقى ـ كۆرەلمەسلىكى خار قىلالمايدۇ. چىدىماس ھەسەتخورنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭگى ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى ئاغدۇرۇپ ئېتەلمەيدۇ.)

ئەگەرچە گۇل بۇ نەگە خەزاندىن ئاپەت بار،
تەدارەك ئەيلەر ئاڭا ئاقىبەت نەسمى باھار.

(ئەگەرچە گۇلباغچىسىغا خازان شامىلىدىن ئاپەت يەتسىمۇ، ئاقىۋەت باھارنىڭ خۇش پۇراق شاملى گۇلباغچىنى كۆكلىتىپ چېچەكلىتىدۇ.)

ساقىي ئېتىپ مەن تەمە ئول بارەدىن،
كىم ئالۇر ئازۇ ـ تەمە ئازادەدىن.

(ئەي ساقىي، مەن شۇنداق شارابنى تەمە قىلىمەنكى، ئۇ ئازاد تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن تۇرلۇك ھەۋەس ـ

تەمەلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ.)

جۇر ئەلىدىن سالكى راھ ئەت مېنى،
مۇلكى قانائەت ئۆزە شاھ ئەت مېنى.

(ئەنە شۇنداق شارابنى ئىچكۈزۈش بىلەن مېنى توغرا يولغا سالغىل، قانائەتچانلىق مەملىكىتى ئۈستىدە مېنى پادىشاھ قىلغىل).

## ۋاپا ھەققىدە

«ۋاپا» دېگەن سۆزدىكى «ۋو» (ۋ) ھەرپى «سىمورىغ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ «سىن» (س) ھەرپى تەركىبىدىكى «ۋاو» (ۋ) ھەرپىگە ئوخشاش يوشۇرۇنغان ۋە «ۋاپا» سۆزىدىكى «پا» (پ) ھەرپى كۆھىقاپ ئاستىدىكى «پ» ھەرپىدەك ئايان. «ۋاپا» سۆزىدىكى «ئەلف» (ا)، كىمىيا (خىمىيا) يېنىدىكى «ئا» (ا) دەك نىشان، چېكىتى مېھرىگىياھ بۇتەسىنىڭ دانەسى، كىشىلەردىن بۇلارنى تەمە قىلىش — سۇ ئۈستىدە يۈگۈرمەكچى، قۇرۇق يەردە كېمە ماڭدۇرماقچى بولغانغا ئوخشاشتۇر.

چەرخ توققۇز دۇرچ كى زەرگار ئىرۇر،
جەۋپىدە يۈز مىڭ دۇرد ـ شەھۋار ئىرۇر.

ھەربىرىنىڭ لەمئەسى شەمئى چىراغ،
نى دۇرۇ، نە شەمئى دۇرى شەبچىراغ.

(توققۇز دەرىجىلىك[1] ئاسمان جىسىملىرى ئالتۇن رەڭلىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە شاھلارغا ئەرزىيدىغان يۇز مىڭلىغان گۆھەرلەر بار، ئۇ گۆھەرلەرنىڭ چاقناپ تۇرغان پارقىراق نۇرلىرى چىراغدەك يېنىپ تۇرىدۇ. قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدىغىنى چىراغ ئەمەس، گۆھەردۇر. لېكىن بەخت ـ سائادەتنىڭ كۆرەشچىسى بولغان گۆھەر ۋاپا جەۋھىرى ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت چېچەكلىرىدۇر، ئۇنىڭ قىممىتى كامالەت «ئۇلۇغلۇق»، نى يارىتىش خەزىنىسىنى تولدۇرغۇچىدۇر. ۋاپا دولقۇنىنىڭ رەڭگى بۇيۇكلۇك دېڭىزىنىڭ ئابرۇيى «ئىززەت ھۆرمىتى»، دۇر.)

بۇ دۇررى ناياب ۋاپامۇ ئىكەن،
گەر ئول ئىمەس مېھرگىياھمۇ ئىكەن؟
مېھرگىياھ دېمەكى ئەنقادۇر ئول،
جەۋھىرى فەرد، دۇررى يەكتادۇر ئول.

(مۇنداق ئۇلۇغ سۈپەتلىك گۆھەر ۋاپا ئىكەن،
ئەگەر ئۇ ۋاپا بولمىسا مېھرگىياھمىكىن؟
قۇتلۇق گىيا دەپمۇ ئېيتما، بەلكى ئەنقا[2] دۇر،
تا تەڭدىشى ـ ئوخشىشى يوق يېگانە گۆھەردۇر.)

---

[1] بۇ يەردە يەتتە ئاسمان (يەتتە پلانېتا) ئۈستىدە «ئەرش، كۇرس» دېيىلگەن ئەڭ ئالىي ماكان بار دېمەكچىدۇر.
[2] ئەنقا ــــ سۇمۇرغ.

بۇ تەگدىشى ـ ئوخشىشى يوق گۆھەر(ۋاپا) يوقلۇق دېڭىزىدا يوشۇرۇنىدۇ. تېپىلماس گىردابىدا پىنھاندۇر. شۇنداق يوشۇرۇن ـ پىنھانكى، ئىستىگەنگە تېپىلمايدۇ، ھەر تەرەپنى قېدىرىش بىلەن قولغا كەلمەيدۇ. «ۋاپا» شەخس سۈپىتىدە مەلۇمدۇر ۋە جىسمى نامەلۇمدۇر، ئەمما ئۇ جەۋھەردۇركى، كامالەت (ئۇلۇغلۇق) مەرتىۋىسىگە چىقىشقا سەۋەب، ئۇلۇغ مەنسەپكە ئۆرلەشكە ئامىلدۇر. ھەر قانداق ئادەم ۋاپادار بولسا، ئۇنىڭغا جاپا يەتمەيدۇ.

ئەيش جامىن تۇتماڭ ئى دەۋرى تەرەب ساقىيلىرى،
نىگا كىم چەرخ ئەتتى بىزنى مېھنەتى دەۋرانغا نۇش.

(ئەي، خۇشال دەۋرنىڭ ساقىيلىرى، ئەيش ـ ئىشرەت قەدەھلىرىنى بىزگە تۇتماڭلار، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، زامان بىزنى دەۋرنىڭ جەبىر ـ جاپاسىغا دۇچار قىلدى.)

ئەمما ۋاپا ئەھلى جاپا ھۇجۇمى يېتىشى بىلەن ۋاپادارلىقنى تاشلاپ ئېتىش مۇمكىن ئەمەس ۋە جەبىرنىڭ كۆپلۈكىدىن جاپا قىلغۇچىلارغا قارىتا جاپا رەسىمىنى تۈزۈشكە «جاپا قىلغۇچىغا ئىنتىقام ئۈچۈن جاپا قىلىشقا» مۇمكىن ئەمەس.

ئول كىشىكى ئەزەل گەر بەختىيار،
كىم مۇڭا يوق شەپقىتىدە ئىختىيار.
ئويلەكى خۇرشىد ئىرۇر ئەينى نۇر،
كۆزنى يارۇتماقتا ئاڭا نەشئە ئۇر.

(ئەزەلدە بەختىيار كىشىنىڭ باشقىلارغا شەپقەت قىلىشى تەبىئىيدۇر. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاشكى، قۇياش ئۆزى نۇر بولغىنى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا جاھان خەلقىنىڭ كۆزىنى «ھاياتىنى» يورۇتىدۇ.)

جاھانىنىڭ ۋە جاھان ئەھلىنىڭ بىۋاپالىقى روشەن، ھاياتنىڭ شوخلۇقىنى ئاشۇرغۇچى سۆيۈملۈك مەھبۇبەسىنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئىسپاتلانغان ۋە پەلەك تىغى شۇنداقدۇركى، بىرەر چاغدىمۇ جاپاسىنى تاشلىمايدۇ ۋە شادلىق بىلەن كۆڭۈلنى ئاۋۇتمايدۇ. شەپقەت باراۋىرىدە مېھنەت (جاپا) نىڭ شىۋىرغانلىق يامغۇرلىرىنى ياغدۇرىدۇ ۋە مەرھەمەت ئارىسىدا دەردۇغەمنىڭ تۇپرىقىنى سورۇيدۇ (چاچىدۇ). ھەر ئادىمىكى ۋاپا ئەھلىدۇر، جاھان زۇلمىدىن غىزا يەيدۇ، دەۋرنىڭ غەم - قايغۇسىدىن كىچىرمىش قارا كۈنلەر بولىدۇ، مۇراد غۇنچىسى بۇ جاھان باغى گۈللۈكىدە ئېچىلمايدۇ ۋە مەقسەت پۇراقلىرى بۇ باغدىن كەلمەيدۇ. غەم - قايغۇ بىلەن كىشى قەلبىنى بىئارام قىلىدۇ، زۇلۇم جاپاسى چەكسىزدۇر.

مېھرى ئەلگە جەۋرىمۇ ئەردى ئىكىن،
قائىدە بۇتۇرمۇ ئەردى ئىكىن.

(جاھانىنىڭ مېھىر - شەپقىتى ئەلگە جەبىر - جاپا قىلىشمىكىن؟ ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنى جەبىر - زۇلۇم قىلىشمىكىن؟)

جاھانىنىڭ شەپقەتسىزلىكى، رەھىمسىزلىكىدىن شىكايەت قىلىپ سۆزلەي دېسەم يارىم (دوستۇم) يوق.

جاھانىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن، دەرد ـ ئەلەملىرىدىن قايغۇلۇق مۇڭلىرىمنى ئېيتىشقا ئۇلپىتىم ـ مۇڭدىشىم يوق.

غەمىم كۆپ ئەيتالماسمەن، نى تاڭ كۆڭلۈم ھىلاك ئولماق،
ئىچىمدە يۈز قىلىچنى غەيىپ، كۆكسۈم چاك ـ چاك ئولماق.

(غەم ـ قايغۇلىرىم تولا، ئۇنى ئېيتالمايمەن، يۈرىكىم ھالاك بولسا ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، كۆكسۈمدە يوشۇرۇن يۈز قىلىچ بار، بۇ قىلىچلار بىلەن كۆكسۈم پارچە ـ پارچە بولدى.)

جاھان گۈلباغچىلىرىنى ئۈمىدسىزلىك ئاھ زارىدىن، ئالەم يۈزى ئارزۇ ـ ئۈمىدكە ئېرىشەلمەسلىك كۆز يېشى توپاندىن قارا قىلىنىدۇ. زامانىنىڭ زۇلمىدىن جاپا يېتىدۇ، پەلەك دەرد ـ ئەلەملىرىدىن غەم ـ قايغۇ يۈزلىنىدۇ. خالايىققا ئارىلىشىش بالا ۋە جاھان ئەھلى مۇناسىۋىتى قازادۇر.
ھىجرى (جۇدالىق) كېچىسى چەكسىزدۇر ۋە پىراق كېچىسى قورقۇنچلۇقتۇر. ۋىسال ئارزۇسى غوۋغاسى ۋە ۋىسالغا يېتىش غۇلغۇلىسىنىڭ چەكسىزلىكى، سۆيۈملۈكلەر بىۋاپالىقى، مەھبۇبلار جاپاكار (زالىم) لىقى، ساداقەت ئۈمىد قىلغانلىرىمىزنىڭ ساداقىتى كەملىكى، دوستلىرىمىز قىلمىشلىرىنىڭ نامەھرەملىكى (ياتلىقى)، جەبىر ـ زۇلمىدىن كۆڭۈل ئەينىكى قارا بولدى، ئۈمىدسىزلىك زەھىرىدىن ھايات قەدەھى تولدى.

هەر كىشىگە يەتسە فەلەكدىن غەمى،
بولماسا ھەمدەرد ئۇنىڭ ھەمدەمى.

(ھەر كىشىگە زاماندىن غەم ـ قايغۇ يەتسە، ئۇ دەرد ـ قايغۇلىرىنى ئېيتىشىدىغان ھەمدەرد بولمىسا).

رازلىبىيىن تىككەن ئىپىن سوكماسە،
ھەر يىڭنە كۆڭۈلدە ئىرۇر توكماسا.

(ئىچكى سىرلىرىنى تىكىپ قويغان يىپلارنى سۆكۈپ ئېچىۋەتمىسە، كۆڭلىدىكى قايغۇلىرىنىڭ ھەربىرى يىڭنە بولۇپ سانجىلىدۇ.)

دەرد ياقىپ شوئلەئى نابۇدىنى،
چەرخ رەن ئولگارگاي ئۇنىڭ دۇدىنى.

(دەردلىك كىشىنىڭ يوقلىپ بېرىۋاتقان ۋۇجۇدىنى دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى كۆيدۈرىدۇ، كۆيگەن ۋۇجۇدتىن چىققان تۇتۇنلىرىنى ئاسمانغا ئۆرلىتىدۇ.)

ئىشق سەۋداسى[①] ۋە جۇنۇن[②] ماجىراسى ۋۇجۇدۇم ئالىمگە يوقلۇق چېقىن (چاقماق) لىرىنى ئۇردى ۋە كۆلىنى كۆككە سوردى. نە ۋۇجۇدۇمنىڭ ئەسەرى پەيدا ۋە نە جىسمىم پەي ـ تومۇرلىرى ھۇۋەيدا[③] ئۆمۈر گۈلباغچىسىنىڭ پاك ـ

① سەۋدا ـــ ئىشق كېسىلى.
② جۇنۇن ـــ ساراڭلىق كېسىلى.
③ ھۇۋەيدا ـــ ئاشكارا، روشەن.

گۈزەللىكى ۋە ھايات چىمەنىنىڭ نازۇكلۇقى ياخشى كىشىلەرنىڭ خۇش پۇراق نەپەسلىرىدىن راۋاج تاپىدۇ ۋە سۆيۈملۈكلەرنىڭ ھاياتبەخش نەپەسىدىن ئالەمنى زىننەتلەيدۇ.

جاننى ساڭا تاپشۇرايىن ئى سابا،
ئەيت ئالدىدا ئانىڭ قىلماي ئىبا.

(ئەي شەرقنىڭ سەھەر شامىلى، جېنىمنى ساڭا تاپشۇراي، ئالغاچ بېرىپ، ئۇ ۋاپادارنىڭ ئالدىدا تارتىنماي.)

مەندىن ئاڭا ئەرز ـ دۇئا ئەيلاگىل،
ئالدىدا جانىمنى پىدا ئەيلاگىل.

(مەندىن ئۇنىڭغا ئەرز ـ دۇئا قىلغىل،
ئالدىدا جېنىمنى قۇربان قىلغىل).

بەس، كىشىگە ئۆمۈر خۇشى بار ئىمىش،
يار دېگەن ۋافادار ئىمىش.

(كىشىنىڭ ئۆمرى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن بولسا، بۇنىڭ سەۋەبى يار ـ دوستلىرىنىڭ ئۇ كىشىگە ۋاپادار بولغانلىقىدىندۇر.)

ئادەم گۇرۇھى ئىچىدە ۋاپادار دوستنىڭ بارلىقى بىلىنمەيدۇ. پەرەز قىلايلى، ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت بۇ باھاسىز گۆھەر پەرىشتىلەر گۇرۇھى ئارىسىدا تېپىلارمىكىن؟ ۋاپا

ئۈستەپ قانداق يول بىلەن پەرىشتىلەر ئارىسىغا كىرىشكە بولار؟ ئەگەر پەرىلەر ۋە پەرىزاتلار ئارىسىدا ۋاپا مەۋجۇت بولسا، ئۇ سۇمۇرغ[1]قا ئوخشاشتۇر. سۇمۇرغقا قانداق قىلىپ دوستلۇق رىشتىسىنى باغلىغىلى بولار ۋە مۇھەببەت سورۇنىغا كىرىشكە بولار؟

گەر ساڭا بار ئەرسە بۇ سۆزدە خەفا،
قايسى پەرى جەھرەدىن كۆردۈڭ ۋافا.

(ئەگەر بۇ سۆز ساڭا مەخپىيەتلىك، يەنى چۈشەنمەسلىك بولسا، قايسى پەرى يۈزلۈك (گۈزەل) تىن ۋاپا كۆردۈڭ؟)

ۋاپانى تاپماق گەرچە بەك دىشۋاردۇر، ئەگەر تېپىشقا بولىدۇ، دېيىلگەندىمۇ ئادەملەر ئارىسىدا بارمىدۇ؟

نەيزىنىڭ تۈزلۈك جەھەتتىن بېشى ئۈستۈندۇر، كەمەند (سالغۇ) ئەگرىلىكى سەۋەبىدىن خار ۋە پەستۇر. شەمئى چىراغ راستلىق (تۈزلۈك) سەۋەبىدىن مەجلىس ـ ئولتۇرۇشلارغا نۇر ۋە زىننەت بېغىشلايدۇ، ھۆرمەتلىنىدۇ. ئەگرىلىكنى تاشلىماق ۋە راستلىق بىلەن ئىش قىلماق ـ بەخت ـ سائادەتتۇر.

پەرى يۈزلۈك سۆيۈملۈكنىڭ بوي ـ تۇرقى نازۇكلۇق چىمەنزارلىقىدىكى شەمشاد دەرىخىنىڭ كۆچىتى؛ قەددى ـ قامىتى گۈزەللىك باغچىسىنىڭ سەرۋى ئازادىدۇر. راستلىق (تۈزلۈك) ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدى خامىنىغا بالا ئوتى

---

[1] سۇمۇرغ دەپ ئاتالغان بۇ ئەقىللىق، چىرايلىق قۇش ھەققىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەر قەدىمدىن خەلق ئىچىدە سۆزلىنىدۇ. لېكىن، سۇمۇرغنى ھېچقاچان ۋە ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس.

ئۇچقۇنلىرىنى ئۇرىدۇ ۋە ئاشىقلارنىڭ غەم - قايغۇلۇق ۋۇجۇدىنى ئالەمنى كۆيدۈرىدىغان ئىشىق شوئلىسى بىلەن ئۆرتەيدۇ.

چەكمىسە تۈز سەرۋى خارامانىنى،
ئاتماسە تۈز ناۋۇك مىژگانىنى.

(مەشۇقىنىڭ بوي - تۇرقى تۈز بولمىسا، كىرپىك ئوقلىرىنى توغرا - تۈز ئاتمىسا)

ئوينىماغاي جانىنى ھەر زار ئاڭا،
بولمىغاي ئەل كۆڭلى گىرىپتار ئاڭا.

(ئاشىق ئۇنىڭغا جان بېغىشلاپ سۆيمەيدۇ، ئەلنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولمايدۇ.)

ھەر ئادەم راستلىقنىڭ تەكتىگە يېتىشنى تىلىسە ۋە بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ تۈز، توغرا ئۇسلۇبىغا رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلسا، مۇنداق كىشى ئىككى تۈرلۈك شەرتكە ئىگە بولۇشى لازىم: بىرى شۇكى، سۆزى تۈز بولۇشى، سۆزىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ تۈز بولۇشى لازىم، شۇنداقلا يالغاننى تەئەسسۇپ بىلەن توغرا دېمىگەي. يالغۇز چىرايلىق سۆزلەپ قويۇش بىلەنلا ئىش راۋاج تاپمايدۇ، قارا يۈزلۈك ھەبەشنى ھەر قانچە يۈغان بىلەنمۇ ئاقارمايدۇ. ئىككىنچىسى شۇكى، ھەر قانداق سۆزدە ئېھتىيات بولۇش لازىم. سۆزنى راستلىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ سۆزلىشى لازىم.

مەسەل: كەكلىك يالغاننى راست ئورنىغا سۆزلىگەنلىكىدىن ھادىسە (بالا) تۇزىقىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى راست سۆزىمۇ ئىلگىرىكى يالغان سۆزلىرىگە ئوخشاش، دەپ قاراپ كەكلىكنىڭ داد ـ پەريادىغا يەتمىگىنى، بالا ـ قازا تۇزىقىدىن قۇتقازمىغىنى.

بىر جاڭگالدا قەھر ـ غەزەپلىك بىر ئارسلان (شىر) بار ئىدى... ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسىنى چۇمۇلە توپىنىڭ يەپ كېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، ئاغزىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئاسرايتتى. بۇ جاڭگالدا بىر كەكلىكنىڭ ماكانى ـ ئۇۋىسى بار ئىدى. كەكلىك دائىم ئارسلاننىڭ ۋەھىمىسى ۋە قورقۇنچىسىدىن قايغۇ قىلاتتى. ئارسلان بالىسىنى ئاغزىغا ئېلىپ، جاڭگال بۇلۇڭىغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ كەكلىك پۇررىدە ئۇچۇپ چىقاتتى. ئارسلان چۆچۈپ سەسكىنىپ ئاغزىنى يۇمۇشى بىلەن بالىسىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قوياتتى. ئارسلان بالىسىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويغانلىق غەم ـ قايغۇسىدىن غەملىك، ماتەم سەۋەبىدىن خەۋپلىك ئىدى. قانداق چارە ـ تەدبىر بىلەن بۇ ھادىسىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى. ئاخىرى كەكلىكنىڭ دوستلۇقىغا كۆڭۈل قويدى ۋە دوستلۇق ۋەدىسىنى قىلىشقا باشلىدى: «ۋەھىمە ـ قورقۇنچىنى تاشلا! ھەمنەپەس سىردىشىم بول، كۆڭۈل ئاچىدىغان ۋاقىتلاردا مېنىڭ ناۋا ـ سازىم بول. مەنمۇ سېنىڭ ناۋالىرىڭنى ئىشتىپ شاد بولاي، نەغمەڭ بىلەن قايغۇدىن قۇتۇلاي، شەرتىمىز شۇ بولغايكى، ساڭا يامانلىق ئۈچۈن زۇلۇم قولى يەتسە مەن سېنى قوغدايمەن. دۈشمەننى بىر مۇشت بىلەن يەرگە ئۇرىمەن» دېدى. كەكلىك دوستلۇق ـ ساداقەت

يۈزىدىن شەرت قىلدى، ئارسلان بىلەن كەكلىك دوستلۇقلىرىنى قەيت قىلىشتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە كەكلىكنىڭ قانات قاققان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە تۇزاقتا مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئالىيجاناب ئارسلان «ئۇنىڭغا دۈشمەن قول تەگكۈزدى بولغاي» دەپ ئويلاپ، ياردەم كۆرسىتىش ئۈچۈن كەكلىكنىڭ ئالدىغا كەلدى. كۆردىكى، يالغاندىن قانات قاققان ئىكەن. ئارسلان ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى ۋە يالغانچىلىقنى تاشلاشقا مەسلىھەت بەردى. ئارسلاننىڭ بۇ مەسلىھەت نەسىھەتنى كەكلىكنىڭ قۇلىقىغا قوبۇل چۈشمىدى. بۇ چاغدا كەكلىكنىڭ ئايىغىغا تۇزاق راستىن چىگىلدى.

قىچقىرىبان دام ئارا ئۇل مۇپتىلا،
نىچەدىدى تاپ! مېنىڭ بېشىمغا كەلدى بالا.

(تۇزاقتا چۈشكەن كەكلىك پەرياد چېكىپ ئارسلاننى چاقىردى: «مېنى ئىستەپ تاپ! بېشىمغا بالا ـ قازا كەلدى»).

ئارسلاننىڭ قۇلىقىغا كەكلىكنىڭ بۇ پەريادى ئاڭلاندى. ئەمما بۇ قېتىممۇ يەنە يالغان ئېيتىدۇ، دەپ خىيال قىلىپ كەلمىدى. كەكلىك يالغانچىلىق سەۋەبىدىن مۇشۇنداق بالا تۇزىقىغا مۇپتىلا ۋە ھادىسە يىپىغا ئەسىر بولدى. يالغاننى تاشلاپ، راستلىق ـ ساداقەت تەرىپىگە يۈرمەك لازىم.

ساقىي كەل قەدەھ دىلپەزىر،
ئەيلە مېنى جۇر ئەسىرىن شىرگىر.

(ئەي ساقىي، كۆڭۈلنى خۇشال قىلىدىغان بىر قەدەھ مەي ئېلىپ كەل! ئۇ مەينىڭ بىر يۇتۇمىدىن مېنى ئارسلاننى تۇتۇپ ئالىدىغان قىل!)

## ئىلىم ھەققىدە

ئىلىم ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزلىرى غايەت ئۇستۇندۇر. نادانلىق ـ بىلىمسىزلىكنىڭ قاراڭغۇ كېچىسىنى يورۇتۇش ئۈچۈن «بىلىم» (ئىلىم) دېگەن ئىسمىدىكى «ى» (ئەيىن) ھەرپى قۇياشتىن، «لام» (ل) ھەرپى ئايدىن، «مىم» (م) ھەرپى يۇلتۇزدىن نىشانە بېرىدۇ.

جەئىل (ئىلىمسىزلىق) نىڭ قاراڭغۇ كېچىسى غەپلەت زىندانىنىڭ قۇدۇقىنى ئازغىنىلىق كېچىسىدە ئاشكارا قىلىپ، قاراڭغۇ كېچىدە قۇدۇققا يىقىلىش بەدبەختلىكىدىن ئەپسانە سۆزلەيدۇ.

ئالىم (بىلىملىك ـ دانا) كىشى گەرچە پالاكەتكە دۇچ كەلسىمۇ، يەنىلا قۇياشتەك ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدۇ. بىلىمسىز ئادەمنىڭ مال ـ مۈلۈك، خەزىنىسى بولسىمۇ، يەنىلا خەزىنە تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپ تۇرغاندەك خار ـ پەس ئورۇندا تۇرىدۇ.

دەھرى ئىشى تا خەلق ئىلە بولمىش سەتېز،
خار دۇرۇر ئالىم ۋە جاھىل ئەزىز.

(جاھان ـ زامانىنىڭ ئىشلىرى خەلق بىلەن قارشىلىشىدۇ. ئالىملار (بىلىملىكلەر) خارلىنىپ، نادان

(بىلمىسىز) لار ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك بولۇپمۇ قالىدۇ.)

تاكى جاھان زۇلۇمنى قىلمىش پىسەند،
يەرگە چۈشەر مېۋە، ياغاچ سەربەلەند.

(تاكى جاھان، جەمئىيەت زۇلۇمنى ياخشى كۆرگەن ئىكەن، مېۋە ئۈزۈلۈپ، يەرگە چۈشۈپ، مېۋىسىز دەرەخنىڭ شاخلىرى ئۈستۈن باش كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك ۋەقەلەرمۇ بولىدۇ.)

رەزىلغە رىبئەت، بىلىك ئەھلىغە رەنج،
تاغ ئۆزرە خار، يەر ئاستىدا گەنج.

(ھىممەتسىز ـ غەيرەتسىز، پەسكەشلەرگە يۇقىرى مەرتىۋە بېغىشلاپ، ئىلىم ئەھلىگە زۇلۇم ـ جەبىر سالىدۇ، تىكەن تاغ ئۈستىدە ئۆسىدۇ، ئالتۇن، جاۋاھىراتلار يەر ئاستىدا تۇرىدۇ.)
ئىلىم مەشئەللىرى (چىراغلىرى) كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ، يولدىن ئازغانلارنى قاراڭغۇ كېچىدە نۇر بولۇپ، توغرا مەنزىلگە باشلايدۇ، نىجاتلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىلىم ئەھلىنى ئەيلار گەغەنى،
«مەن ئەكرەمە ئالىمەن، فەقەد ـ ئەكرەمەنى.»

(ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىنى باي قىلىش ئۈچۈن، كىمكى ئالىمنى ھۆرمەت ـ ئىززەت قىلسا، «ئەلۋەتتە ئۇ كىشى مېنى ئىززەت قىلغانلىقتۇر» دېگەن ئىدى.)

ھەر ئادەم ياراتقۇچىسىنى ھەقىقىي تونۇغانلار قاتارىغا كىرىشىنى كۆزلىسە ۋە بۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەنلەر شەرىپىگە يېتىشىنى ئىستىسە، ئىلىم تەلەپ قىلىش تەرىپىگە نەزەر سالغاي ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلى ھۇزۇرىغا باش يەتكۈزگەي.

خۇش ئازادەلار كىم ئىلكىدە ئەۋراق كىتابى ئۇنىڭ،
قىلغالى تەھسىل ئىلىم شىتابى ئۇنىڭ.

(خۇش مۇبارەك ئازاد كىشىلەرنىڭ قولىدا كىتاب ۋاراقلىرى بار، ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ مېڭىشىدۇ.)

ئاچ ئېتبان قارنىنى موھتاجلىق،
تويمە غەمۇ موھتاج ئېتبان ئاجلىق.

(يوقسۇللۇق ـ موھتاجلىق ئۇلارنى ئاچ قويىدۇ، ئاچلىق ئۇلارنى ئوزۇققا موھتاج قىلىدۇ.)

ئىلىم ئىزدىگۈچىلەر زەۋق ۋە شەۋق بىلەن ھەر كۈنى بىر مەنزىلنى ۋە ھەر ئايدا بىر شەھەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەقسەت يېپىغا ئۇلىنىش ئارزۇسىنى ۋە مۇراد ساھىلىغا يېتىشمەك ئۈمىدىنى قىلىدۇ.

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ قايغۇلۇق كېچىلىرى ئۈمىد رىسالىلىرى ۋاراقلىرىنى زىننەتلەيدۇ.

سەير ئېتىپ ئاخشامغىچە بى تۇشەئى،
چولە بولۇپ ئاخشام قۇتۇبان گۇشەئى.

(ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، كەچ كىرگۈچە ئوزۇقسىز (ئاچ) يول ماڭىدۇ، كەچتە بىر بۇلۇڭغا كىرىپ تۈنەيدۇ.)

نە كۈندۈزى ئۇنىڭ تۇرار جايى بولسۇن،
نە كېچىسى ئۇنىڭ ياتار ماكانى بولسۇن.

مۇنداق ئىجتىھات، تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۆمرىنى ئىلىم ھاسىل قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ ۋە ھاياتلىق پۇرسىتىنى ئىلىم مەشغۇلىيىتىگە سەرپ قىلىدۇ.

غۇربەت ئارا ھالى ياماندىن يامان،
ھەر نە يوق، ئاندىن يامان ئاندىن يامان.

(ئىلىم - پەن تەلەپكارلىرى ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ھالەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ، ئۇلار ئىلىم ھاسىل قىلىش يولىدا يوقسۇللۇقنىڭ تۈرلۈك خارلىقلىرىنى كۆتۈرىدۇ. مۇنداق جەبىر - جاپالار بىلەن ئىلىم ئىستىگەنلەر ئۆز مەقسىتى بىناسىغا تەلەپ كەمەندى[1] نى تاشلاپ، كۆزلىگەن جايىغا يېتىدۇ، مەڭگۈ ئىززەت ۋە سائادەت دەرىجىسىگە يېتىش بىلەن خەلققە قوبۇل بولۇش شان - شەۋكىتىنى كۆتۈرىدۇ ۋە شۆھرەت بايرىقىنى يەردىن پەلەك ئۈستىگە تىكلەيدۇ.)

---

① كەمەند ــــ ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇشتا ۋە ئېگىز يەرلەرگە چىقىشتا، قەدىمكى زاماندا جەڭدە قارشى تەرەپ ئادىمىنى باغلاپ ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان سالغۇ، ئارغامچا، تاسما.

قەرە ئىلە دەۋران تاپىبان ئىقتىران،
تا بولۇبان بىر كىشى ساھىپ قىران.

(زامان بىلەن دەۋرنىڭ يېقىنلىشىشى، ماسلىشىشى بىلەن تاكى بىر كىشى دەۋرنىڭ ئىگىسى - يولباشچىسى بولىدۇ.)

كۆڭلى بولۇپ مەسكەنى مەئۋايى ئىلىم،
قەترە كېبى پەيكىرى دەريايى ئىلىم.

(زامان - دەۋرنىڭ يولباشچىسى بولغان كىشىنىڭ كۆڭلى ئىلىم - پەننىڭ ئورنى، ماكانى بولىدۇ. ۋۇجۇدى يامغۇر تامچىلىرى يىغىلىپ ھاسىل قىلغان دەرياغا ئوخشاش ئىلىم - پەننىڭ دەرياسى بولىدۇ.)

## خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەققىدە

خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىلەر پېشانە تەرى (ئەمگىكى) بىلەن نۇر چاچىدۇ، بۇلۇتلار ئارىسىدىكى چاقماق نۇرىدەك يۈزلىرىدە كۈلكە پەيدا بولىدۇ. قولىنى قاپارتىپ ئىشلەپ، ئۇسسۇزلۇقتىن خەس - خەشەكتەك يەرگە يىقىلغان ئۆسۈملۈكلەرنى سۇغا قاندۇرىدۇ. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتا كۆيۈمچانلىقى ئەھۋالىدىن ئاشكارىلىنىدۇ.

ئەي بولۇبان سۇبھى كەبى قاش،
مېھرىڭ بولۇپ ئام نىچۇككىم قۇياش.

(ئەي تاڭ نۇرىغا ئوخشاش مېھربانلىقىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا، شەپقىتىڭ قۇياش ئالەمگە ئاشكارا بولغاندەك ئاممىغا ئايان بولغۇچە.)

سۇبھى كەبى خەلق يۈزىگە كۈلۈپ،
چەرخى كەبى ئەل باشىغا ئۆيرۈلۈپ.

(تاڭ نۇرىغا ئوخشاش ئوچۇق يۈز بىلەن خەلق يۈزىگە قاراپ كۈلگىچە، ئاسمانغا ئوخشاش ئەل بېشىدىن ئايلانغىچە.)

سېخىيلىق (خەلققە ياخشىلىق قىلىش) نى شۇنداق تەرىپلەشكە بولىدۇكى، يامغۇر بۇلۇتى ھەممە يەرگە تەكشى يامغۇر ياغدۇرغاندەك، ئۇ ھەممىگە گۆھەر ياغدۇرىدۇ. «ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ بىر ياخشىلىقىغا ئون باراۋەر مۇكاپات ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن ۋەدىسى بار. ئەمما شۇنداق ئادەملەر باركى، ھەسەت (چىدىماسلىق) يۈزىسىدىن كىشىلەرگە زەرەر يەتكۈزمەك پىكرىنى قىلىدۇ ۋە دۈشمەنلىك جەھەتتىن يامانلىق كۆزلىمەك خىيالىنى ئويلايدۇ.

ئەلگە زەرەر شىۋىسىنى تور ئېتەر،
ئىلىگە، دىمەكىم ئۆزىگە جەبر ئېتەر.

(ئەلگە زىيانكەشلىكنى ئادەت قىلغان ئادەم ئەلگە

زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە جەبىر قىلىدۇ.)

ئۇلكى ئۇشاتۇر باسىبان شىشەنى،
قىلماس ئاياغ زەخىمدىن ئەندىشەنى.

(شىشە ۋە ئەينەككە دەسسەپ سۇندۇرغۇچى ئۆز ئايىغىغا شىشە، ئەينەك سۇنۇقلىرىنىڭ سانجىلىپ زەخىملەندۇرۇشىدىن ئەندىشە قىلمامدۇ؟)

خەلققە ياخشىلىق قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ يوقسۇللۇقىدىن باشقىلارغا ساخاۋەت قىلىشنى تاشلىمايدۇ. يوقسۇللۇق ۋە بايلىقنى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىغا توسالغۇ ـ پەردە قىلمايدۇ. ھەممىلا كىشىنىڭ ۋۇجۇدى مۇنداق سېخىيلىق كىيىمىنى كىيىشكە سازاۋەر ئەمەس ۋە بۇ كىيىمنى كىيىش شەرىپىدىن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

ياخشى ياماندىن بەرى ئەرمەس جاھان،
لىك يامان زاھىر ياخشى ناھان.

(ياخشى ۋە يامان ئادەمدىن جاھان خالىي ئەمەس، لېكىن يامان ئادەم ۋە ئىشلار ئاشكارا بولىدۇ. ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار يوشۇرۇن بولىدۇ.)

مەئدەنى ئىنسان گۆھىرى سۆزدۇر،
گۇلشەنى ئادەم سەمەرى سۆزدۇر.

(ئىنسان گوياكى بىر كاندۇر. بۇ كاننىڭ گۆھىرى سۆزدۇر، ئادەم بىر باغدۇر، بۇ باغنىڭ مېۋىسى سۆزدۇر.)

سۆز بىلەن نەفئى ئولمۇسائەل پىشەسى،
ياخشى كېرەك كۆڭلىدە ئەندىشەسى.

(سۆز بىلەن بولسىمۇ ئېلىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمىسە، كۆڭلىدە بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش نىيىتى بولۇشى لازىم.)

## ياسانچۇقلار ھەققىدە

ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى موخەننەس ۋەش[1] لەرنىڭ ئېتىقادى ۋە كىيىنىشلىرىدىكى ھىيلىگەرلىكلىرى ۋە پەيدا قىلىش مېھنەتكەشلەرنىڭ ياسانچۇقلارغا نىسبەتەن ئۆز بېشىدىن كېچىپ غەيرەت كۆرسىتىشى، ئەر بىلەن نامەردنى ئايرىشلىرى ئوچۇق - ئاشكارىدۇر.

ياسانچۇقلارنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان كۇلاھ[2] لىرى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ كۆلكىسىگە سەۋەب ۋە ئالتۇن يىپلىق تونلىرى كەمبەغەللەرنىڭ كۆلكىسىگە سەۋەب بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتى مەسخىرىگە قېلىش ۋە ئۆزىنى

---

① موخەننەس ۋەش — ئۆزى ئەر بولسىمۇ، ئاياللىق خۇسۇسىيەتنى ياقتۇرغۇچى، ئايالغا ئوخشاش ئۆزىنى زىننەتلەپ يۈرگۈچىلەر.
② كۇلاھ — باش كىيىمى.

بازارغا سېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ياسانچۇقلار جاللاتلىق ھۈنىرىدە ماھىر، ھىيلىگەرلىك پەندە ئاشكارا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ھىيلە ـ نەيرەڭگە ئالدىرايدۇ. كۆزى رەھىم ـ شەپقەت يولىنى كۆرمەيدۇ. مېھرىبانلىق يوسۇنىنى بىلمەيدۇ. قارا بەختلىك ئالامىتى پېشانىسىدا ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.